# شەپەق

ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسال پەسىللىك ژۇرنىلى

2/2020-سان

## تۈركىيە ئىقتىسادى ھەققىدە دەسلەپكى تونۇش

## ئىجتىمائىيلىشىش

## «مېھراپتىن چايان» رومانى ھەققىدە مۇلاھىزە

www.uyghurkitap.com

# بىز كىم؟

بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىزدە پۈتۈنلەي چەكلەنگەن ئانا تىلىمىز يىللار بۇرۇنلا ئاكادېمىك ساھەلەردىن سىقىپ چىقىرىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىستېمال قىممىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تىلىمىزنىڭ خاسلىقى، ئۆز پاساھىتى ۋە قوللىنىشچانلىقىنى قوغداپ قېلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇپ زامانغا ماسلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ، ئەڭ باشتا ھەرقايسى ساھەلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ھەرقايسى دەۋرنىڭ ئىنقىلابلىرى، يېڭىلىقلىرى، بۈيۈك تەرەققىياتلىرى، زور ۋەقەلىرى شۇ دەۋرنىڭ ئىلىم ساھىبى بولمىش ئوقۇغۇچى ۋە زىيالىيلىرى تەرىپىدىن قوزغىتىلىپ، يېتەكچىلىك قىلىنىپ كەلگەن. ئوقۇغۇچىلار بىر مىللەتنى، دۆلەتنى قوغداپ قېلىشتا رولى ئەڭ كۈچلۈك جامائەت. چۈنكى ئۇلار كېلەچەكنى يارىتىدىغان ئۇرۇقلارنى ئۆز ئەقلىدە، جىسمىدا، روھىدا ۋە خىزمىتىدە ئېلىپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى، قىلغان ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي ئېھتىياجلىرىنى تەمىن ئېتىدۇ. بۇ روللارنى ئورۇندىيالمىغان بىر ئوقۇغۇچى، بىر زىيالىي ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە ئۇيغۇن ھاياتنى ياشىيالمىغان، ئۆزى ۋە مىللىتى ئالدىدا مەسئۇلىيىتىنى ئورۇندىمىغان، ئۆز زاۋاللىقىنىڭ سەۋەبچىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئوقۇغۇچىلار، دەۋرنىڭ بىزگە يۈكلىگەن ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش مەقسىتىدە بۇ ژۇرنالنى ھازىرلاپ چىقتۇق. ژۇرنىلىمىز ھەرقايسى ساھەلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۆلۈم دەرسلىرىدىن ئۆگەنگەن ئاكادېمىك بىلىملىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىش ئارقىلىق تىلىمىزنىڭ ئاكادېمىك مەنبەسىنى موللاشتۇرۇش ۋە چەتئەلدە ئوقۇش مۇساپىسىدە ئۆز تىلىنى ئىپادىلەشتە ئاجىزلاپ كېتىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلىيەلمەسلىكتىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىرىنچى يىللىقتىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىشقا ئادەتلىنىشنى روياپقا چىقىرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.


ژۇرنال مەسئۇلى: ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى شۇرا ھەيئىتى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇرېھىم دۆلەت

تەھرىر ھەيئەتلەر: مۇيەسسەر ئەلى
كەۋسەر ئابدۇلئەزىز
مەھبۇبە مۇھەممەتئىمىن
زۇلھايا ئابدۇلئەزىز

لايىھەلىگۈچى: ئابدۇرەشىد ئەمىن



ئەسەر ئەۋەتىڭ، تەكلىپ - پىكىر بېرىڭ



ئېلخەت ئادرېسىمىز: Shepequyghur@gmail.com



نەشر ھوقۇقى «شەپەق ژۇرنىلى»غا تەۋە.
ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ خالىغانچە كۆپەيتىپ تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.



ژۇرنىلىمىزنى «دەرمان فوندى»، «سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەخپى» ۋە «ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات ۋەخپى» ئالاھىدە قوللىغان.

# مۇندەرىجە


روھ ئۇقۇمىنىڭ پەلسەپەدىكى تارىخى 4
سەمىرە ئەسقەر

جەمئىيەت ۋە بىز 12
مەدىنە مۇھەممەد

تۈركىيە ئىقتىسادى ھەققىدە دەسلەپكى تونۇش 17
ئادىل قاراخانلى

ئىسلام ئىلىملىرى تارىخىغا بېغىشلانغان بىر ئۆمۈر: پروفېسسور دوكتور فۇئات سەزگىن 24
تەرجىمىدە: بەرنا ئۆزتۈرك

ھىجران (نەسىر) 31
ئاسىيە ئابدىن

جاۋابنامە (شېئىر) 34
م.مۇھەممەد دىلنۇر

جاۋابنامە (شېئىر) 35
ئا.ئايدىن

«مېھراپتىن چايان رومانى» ھەققىدە مۇلاھىزە 36
ئابدۇلقاپىز زاغىئوغلى

«مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى» دىن ئويلىغانلىرىم 43
ئايگۈزەل ئابلىمىت

ئۆگىنىشنى ئۆگىنىش 47
ئادىل قاراخانلى

ئوقۇش ھاياتىمدىكى ئىسسىق-سوغۇقلار 48
زەكىيە سادىر

ئىسلام ئىلىملىرى كەسپى 55
ئىلمىنۇر تۇرسۇنىياز

پسىخىكىلىق داۋالاش ۋە مەسلىھەتچىلىك كەسپى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە 56
كىلارە زۇلپار

ئى ئاللاھ، قۇرئاننى قەلبىمىنىڭ باھارى قىلغىن! 59
تەرجىمىدە: ئابدۇرەززاق رەجەب

ئۆلىمالار ۋە ئەمىرلەر 62
تەرجىمىدە: رىسالەت ئەخمەت

قۇرئان كەرىمدىكى ئىلىم-پەن مۆجىزىلىرى 67
تەرجىمىدە: ئابدۇلھەكىم ئايدىن ئۇيغۇر

ئىسلامنىڭ ھۆججىتى غەززالىي 70
تەرجىمىدە: ئابدۇلھەمىد كەۋسەر

ئەپسانىۋى مەغرىب قەھرىمانى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلكەرىم خەتتابىي 77
تەرجىمىدە: ئابدۇسالام مۇھەممەد

ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئالتۇن نەسىھەتلەر 82
تەرجىمىدە: ئابدۇلئەھەد سۇبات

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# روھ ئۇقۇمىنىڭ پەلسەپەدىكى تارىخى

سەمىرە ئەسقەر
ئىبنى خەلدۇن ئۇنىۋېرسىتېتى
پەلسەپە ماگىستىر ئاسپىرانتى

«روھ» ئادەم بەدىنىنىڭ شەكىلسىز قىسمى دەپ قارىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر «روھ ئادەمنىڭ ئوي - پىكرى، خىيالى، ھېسسىياتى، ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچى ۋە جاسارىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر بولسا روھنى «ئادەم ھاياتى ۋە ياشاش ئىقتىدارىنىڭ تۇغما بولىدىغان بىر پارچىسى» دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنداق بولغاندا، روھ بىر ئادەمنىڭ ماھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تارىختىن بۇيان كىشىلەر ئۆزلۈك ئېڭى ۋە روھ ئۈستىدە توختاۋسىز ئىزدىنىپ كېلىۋاتىدۇ. روھنى سوقرات بايقىغان. «apology _ ئەپلاتون پاراكلىرى» دېگەن ئەسەردە سوقراتنىڭ ئوقۇتۇش مىزانى كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ بايلىقى ۋە ياكى شەخسىي تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەمەس، بەلكى روھىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ئۈندەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «روھ» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى پەلسەپە، دىن، ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىيات، ھەتتا بەزى بىئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، بىئولوگىيە ساھەلىرىدىكى ئىشلىتىلىشىمۇ تەدرىجىي ئۆزگەرگەن. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، روھ خۇددى كىمياگەرنىڭ قولىدىكى قىممەتلىك مېتالغا ئوخشاش «سۇسىزلاندۇرۇلغان» ۋە ئاخىرىدا يەنىلا ئويلىغاندەك نەتىجە بەرمىگەن.

**تونۇشتۇرۇش**

19-ئەسىرنىڭ بېشىغىچە، كۆپلىگەن ئىلغار ئىدىيىلىك زىيالىيلار يەنىلا «ئادەملەر تەڭرىنىڭ شەكلىدە (روھىي

جەھەتتىن) يارىتىلغان» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرغان. شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە ئۇلار «ئادەملەر بىئولوگىيەلىك ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكلىدە بارلىققا كەلگەن» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەتتا شۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە، روھنى ئۆزلەشتۇرۇش فىزىئولوگىيە جەھەتتىن مېڭىنى تەتقىق قىلىش ۋە پسىخولوگىيە جەھەتتىن ئۆزلۈك ئۇقۇمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىپادىلىگەن. بۇ زور ئۆزگىرىشلەر كۆنىمىزدىكى مەدەنىيەت تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىندى.

سوقراتتىن بۇرۇن ئافېينالىقلارمۇ روھ ھەققىدە ئىزدەنگەن. ھازىرقى زامان روھ ئۇقۇمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى بولسا يۇنانچە روھ ئۇقۇمى بولۇپ، ئۇ ئادەم بەدىنىنىڭ شەكىلسىز، كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىدۇر. ئافېنالىقلار «pneuma» دېگەن سۆزنى بىز بىلىدىغان روھنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن. سوقرات بۇ سۆزنى مەنىۋى جەھەتتىن كونكرېتلاشتۇرغان. كېيىنكى مەزگىللەردە، پىلاتو ۋە ئارستوتېل ئەنئەنىسىدىكىلەر بۇ ئۇقۇمنىڭ تەرەققىياتىدا چوڭ رول ئوينىغان. قەدىمكى مەدەنىيەتلەردە «روھ تەننىڭ جېنى» دەپ قارىلاتتى. روھ سۆزى ئۆلۈك بىلەن ھايات شەيئىلەرنى ئايرىشقا ئىشلىتىلگەن. بۇ ئاتالغۇ لاتىنچىغا «anima»، ئىنگلىزچىغا «soul»، گېرمانچىغا «seele»، فرانسۇزچىغا «âme»، رۇسچىغا «душа-dusha» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

پىلاتوننىڭ روھ توغرىسىدىكى تەلىماتى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ روھ ۋە مەنىۋىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. مۇسۇلمان پەيلاسوپلار روھ جەھەتتە يۇنان پەيلاسوپلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا روھنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان. رادىكال ماتېرىيالىزم روھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە مۇستەقىللىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ھازىرقى زامان روھ ئۇقۇمى بولسا ئاساسەن ئۆزلۈك، مېڭە ياكى ئاڭ دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىداش سۆزى بولماقتا.

### پسىخولوگىيە تارىخىدىكى روھ ئۇقۇمى

پسىخولوگىيەدە روھ تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان سىرلىق ئۇقۇمدۇر. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر روھنىڭ پسىخىكا بىلەن بولغان چوڭقۇر باغلىنىشىنى ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ، بۈيۈك مۇتەپەككۇرلار كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىپادىلەشكە ئۇرۇنغان. سوقراتنىڭ قارىشىچە، روھنىڭ سۈپىتى بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ سۈپىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان بولۇپ، بىزنىڭ سالامەتلىكىمىز ۋە ياكى مال - مۈلكىمىزدىن باشقا جەھەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئارستوتىل: «ھەرقانداق شەيئىگە سېلىشتۇرغاندا بىز ئادەملەر بەكرەك خۇشال ياشاشنى ئارزۇ قىلىمىز، شۇڭا بىز چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ روھىغا ئەڭ زور دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك» دەپ قارىغان. غەرب ئەنئەنىسىدىكى «ئاڭ پسىخولوگىيىسى» پىلاتو تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، پەيلاسوپلار پىلاتودىن روھقا ئائىت تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى سوراشقا باشلىغان. «فائىدۇ» دېگەن كىتابىدا پىلاتو روھنى جىسمىدىن ئايرىغان ۋە «ئۆلمەس نەرسە» دەپ قارىغان. ئۆلمەسلىك بولسا روھنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئالاھىدىلىكى، «ئۆلۈش» بولسا ئۇنىڭ ماھىيىتىگە زىت بىر ئۇقۇم. شۇڭا ئادەم ئۆلگەندە، ئۇنىڭ تەن قىسمى ئۆلىدۇ. ئۆلۈم يېتىپ كەلگەندە، ئادەمنىڭ ئۆلمەيدىغان قىسمى چېكىنىدۇ ياكى زىيان - زەخمەتسىز قېچىپ كېتىدۇ. روھقا «جانسىز ياكى ئۆلمەس» دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن ۋە «كۆرۈنمەس ۋە تەندىن مۇقەددەس» دەپ قارالغان. پەلسەپەنىڭ مەقسىتى بولسا روھنى تەننىڭ قامىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش.

پىلاتو روھنى ئۈچ تۈرگە ئايرىغان. ئۇ ئەقىلنى ھارۋىكەشكە ئوخشاتقان، چۈنكى ئەقىل يول باشلايدۇ. مەنىۋى ەتنى ئاق بوز ئاتقا ئوخشاتقان، چۈنكى مەنىۋى ەت ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. نەفسانىي ئىستەكنى كۆندۈرۈلمىگەن قارا رەڭلىك ئاتقا ئوخشاتقان، چۈنكى ئۇ قوزغىتىدۇ.

بۇ ئۈچى ئۆزئارا رىقابەتلىشىدۇ. لېكىن روھنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ئەقىل تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشى كېرەك. ھەمدە بۇ ئۈچ تۈر ئاساسىي كۈچ بولغان ئەقىل بىلەن ماسلاشقاندىلا ئىقتىدارىنى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ.

پىلاتو روھنى جەمئىيەتتىكى كۈچىنىڭ بۆلۈنىشىگە

www.uyghurkitap.com

ئوخشىتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىدا جەمئىيەت ھۆكۈمرانلار، ئەسكەرلەر ۋە خەلقتىن ئىبارەت ئۈچ تەبىقىگە ۋە ئەقىل - پاراسەت، غەيرەت - جاسارەت، تەمكىنلىك ۋە ئادالەتتىن ئىبارەت تۆت خىل گۈزەل ئەخلاققا بۆلۈنىدۇ ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر شەھەردە تېپىلىدۇ. ئەقىل - پاراسەت بولسا ھۆكۈمرانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ھۆكۈمرانلار ھاكىمىيەت سۈردۈرگىدەك ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. غەيرەت - جاسارەت بولسا ئەسكەرلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئۇ تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق يېتىلدۈرىلىدۇ، ھەمدە جەڭگە سىنىلىدۇ. تەمكىنلىك بولسا خەلقنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئۇلار كونتروللۇق ئاستىدا تۇرۇشى كېرەك بولغىنى ئۈچۈن ئۇلاردىن ئېغىر - بېسىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھۆكۈمرانلارنىڭ، ئەسكەرلەرنىڭ ۋە خەلقنىڭ تەبىئىتى بولسا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەقىل - پاراسەت، ھېسسىيات ۋە بەدەنگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. پلاتوننىڭ نەزىرىدە «ئۆز كونتروللۇق» نىڭ مەنىسى ناچار تەرەپلەرنىڭ ياخشى تەرەپلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشى دېگەنلىك بولىدۇ. بىر شەھەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى خەلق ۋە ئەسكەرلەر ھۆكۈمران تەرىپىدىن باشقۇرۇلغاندا ئىشقا ئاشىدۇ. ئادالەت شەھەر يەنى روھنىڭ ئۈچ بۆلۈكى ئارىسىدىكى تەرتىپلىك مۇناسىۋەت نەتىجىسىدە ھەقىقىي ۋۇجۇتقا چىقىدۇ.

ئارىستوتىل روھنى بىرىكمە دەپ قارىلغان ۋە ئۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. ھەمدە بىر پۈتۈن مەخسۇس ئەسەر يېزىپ روھنى تەبىئىي ھادىسە دەپ مۇنداق ئېنىقلىما بەرگەن: «روھ بولسا تۇنجى تەبىئىي شەكىللەنگەن تەننىڭ رېئاللاشقان ھالىتى، ئۇ تەننى ھايات ھالەتتە ساقلايدۇ» ئۇ روھنى ئوخشاش بولمىغان ئۈچ دەرىجىگە ئايرىغان:« ئۆسۈملۈك روھى: ئوزۇقلىنىش ۋە ئۆسۈشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئوزۇقلۇق كۈچى؛ ھايۋان روھى: سەزگۈ كۈچى (كۆرۈش، ئاڭلاش، تەم، پۇراش ۋە سېزىم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنە تەسەۋۋۇر ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ ئىچكى سەزگۈسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ ئىنسان روھى: ئەقلىي كۈچ (چۈشىنىش ئىقتىدارى، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇش، تېمىدىن چەتنىمىگەن ھالدا پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)» ھايۋانلار پەقەت ئوزۇقلىنىش ۋە سېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە، لېكىن ئىنسانلار يەنە ئەقلىي كۈچنى ئىشلىتىشكىمۇ قابىل. ھازىرقى زامان زېھىن ئۇقۇمى بولسا ئەقلىي كۈچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، لېكىن ئىككى ياقلىملىق ئۇقۇم ئەمەس.

قەدىمكى يۇنان مەزگىلىدە، پلاتوننىڭ تەلىماتى مۇكەممەللەشكەن. كېيىنچە ئېلاستىكلىقتا ئېگە يېڭى پلاتونىزىم بارلىققا كەلگەن. بۇ ئېقىمنىڭ باشلامچىسى پلوتىنۇس، ئۇ پلاتوننىڭ ۋە ئارىستوتىلنىڭ كۆزقاراشلىرىنى بىرلەشتۈرگەن. ئۇنىڭ مېتافىزىكىلىق سېستىمىسىدا مۇنداق ئۈچ پرىنسىپ بار: ئالەمدىكى ھەربىر نەرسىنىڭ مۇكەممەل، بىلگىلى بولمايدىغان بىر سەۋەب مەنبەسى بولىدۇ. ئەقىل، ئۇ ئىچكى ئامىل بولۇپ روھنىڭ «ئۈستۈنكى قىسمى» ئەقلىنى كۆزىتىدۇ. «تۆۋەنكى قىسمى» بولسا فىزئولوگىيىلىك دۇنيانى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ۋە بۇ روھنىڭ ئەڭ ئاددىي ئەقىل ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. بۇ قاراش كېيىنكى مەزگىللەردە ئوگۇستىنگە ئوخشاش خرىستىئان پەيلاسوپلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن.

ئۇ ئويلىنىشنى روھنى چۈشىنىشتىكى بىر تەپەككۇر شەكلى دەپ تونۇشتۇرغان. ئوگۇستىننىڭ قارىشىچە، بۇ شەكىل روھنىڭ ئۈچ خىل رولىنى ئېچىپ بەرگەن: ئەستە ساقلاش، چۈشىنىش ۋە ئىرادە. ئوگۇستىننىڭ بۇ پىكرى يۇنان پەلسەپە ئەنئەنىسىدە مەشھۇر بولغان.

ھايات تۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم روھ بولۇشى كېرەك، ئۆلۈش بولسا روھنىڭ يوقىلىشىدۇر. ئۇنداق بولغاندا، ئىنسانلارلا روھقا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆسۈملۈكلەر ۋە باشقا ھايۋانلارمۇ روھقا ئىگە. ئوگۇستىننىڭ بۇ پىكرى پلاتون ۋە ئارىستوتىلنىڭ كۆزقاراشلىرىدىن كەلگەن. مەسىلەن، ئارىستوتىل روھنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىرىنى رولىغا ئاساسەن دەرىجىسى ئۆرلىگەن تەرتىپتە مۇلاھىزە قىلىپ «ئەقىل باشقا ھەممىسىدىن ئۈستۈن» دەپ قارىغان. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «روھ ئادەم تېنىنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇپ، خۇددى ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ئات مىنگۈچىگە

ئوخشاش ئادەمنى توغرا ھەرىكەت قىلىشقا باشلاپ ماڭىدۇ.»

لېكىن «روھ باشقۇرىلىدىغان بولۇشى كېرەك» دېگەن قاراش بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا ئوگۇستىن «كاتولىك چېركاۋىنىڭ ئۈرپ - ئادەتلىرى ئۈستىدە» ناملىق ئەسىرىدە تەننىڭ مۇھىملىقىنىمۇ تەكىتلىگەن. ھەم تەننى يالقۇننى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان، ھەممە مۇھىم بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىدىغان پەنەرگە ئوخشاتقان.

كىلاسسىك يۇنان پەلسەپە تارىخىدا «تەن ئۆلگەندىن كېيىن روھ ئۆلەمدۇ، ئۆلمەمدۇ؟» دېگەن قاراش ئۈستىدە تالاش - تارتىش بولغان. ئارىستوتىل ۋە ئېپىكۇرىن تەرەپدىكىلەر «روھ ئۆلىدۇ» دېگەن قاراشقا بەكرەك مايىل، لېكىن پلاتونچىلار ۋە ستويىكلار(سەۋرچانلار) ئۆلمەسلىك تەرەپكە بەكرەك مايىل بولغان. ئوگۇستىننىڭ قارىشىچە بولسا، ئىنسانلارنىڭ روھى ھەم شەكىلسىز ھەم ئۆلمەس.

## ئەلكىندىي

ئەلكىندىي پلاتونىڭ روھ ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئايرىپ چىقىپ ئارىستوتىلنىڭ ئەقلىي مودېلىغا ئەگەشكەن. ئۇ «روھ ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە، ئارىستوتىل، پلاتو ۋە باشقا پەيلاسوپلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى كېڭەيتكەن ھەمدە تېخىمۇ ئىچكىرلىگەن ھالدا ئۈستۈنكى ۋە تۆۋەنكى دۇنيانى پەرقلەندۈرگەن.

ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۈستۈنكى دۇنيا مۇقەددەس تەبئەتنى، ئەقلى - پاراسەتنى ۋە روھنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن تۆۋەنكى دۇنيا بولسا فىزىكىلىق مەۋجۇدىيەتتىن، تەندىن، كائىناتتىن، ماددىدىن ۋە چەكلىك بولغان شەكىلدىن تەركىب تاپقان.[1]

ئۇ مېتافىزىكىدا تەتقىقاتى ھەققىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق مەخسۇس ئەسىرى «تۈنجى پەلسەپە»دە، روھ تەندىن ئايرىلغان تەقدىردىمۇ ئەقلىنىڭ داۋاملىشىدىغىنىنى چۈشەندۈرگەن. ئەقىل روھنىڭ ئىچىگە جايلاشقان. ئەلكىندىي باشقا ئىسلام پەيلاسوپلىرىغا ئوخشاشلا «ئاڭلىق روھ بولسا روھنىڭ تەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ماددىدىن خالىي ساپلىقتا يەتكەن ھالىتى» دەپ قارىغان. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاڭلىق روھ بولسا شەكىلسىز روھ، لېكىن ئاڭسىز روھ بولسا ماددىي ھەم تەندىن ئايرىلسا يوقىلىدۇ».

ئۇ «بىزنىڭ روھىمىز، نەپسانىي ئىستەك ۋە ئەقىل - پاراستىمىز بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئالدىنقىسى ئۇنى تەنگە باغلايدۇ، شۇڭا تەن ئۆلگەندە ئۇمۇ ئۆلىدۇ، لېكىن كېيىنكىسى بولسا ئۇنى تەندىن ئايرىيدۇ، ھەمدە ئۇنى <ياراتقۇچىنىڭ نۇرى ئاستىدا> يەنى ساپ ئەقلىنىڭ دائىرىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا يول قويىدۇ» دەپ قارىغان.[2]

## ئەلرازىي

ئەلرازىي بولسا ئىقتىدارلىق تېۋىپ، پەيلاسوپ، فىزىك ھەمدە خىمىك، غەربتە رازىس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ پلاتونىڭ ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان روھ ئۇقۇمىغا ماس كېلىدىغان ئۈچ خىل روھ توغرىسىدا سۆزلىگەن. ئۇ «روھنىڭ تېببىي ئىلمى» كىتابىدا، «ئاڭلىق روھ ياكى مۇقەددەس روھ ئۆزۈقلىنىش روھىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك نەپسىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ھايۋان روھىنىڭ كۈچلۈك ئىنتىلىشىنى قوزغىتىدۇ» دېگەن.[3]

يۇنان پەلسەپەسىگە ئوخشاش، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈقلىنىش روھى بولسا جىگەر، ھايۋان روھى بولسا يۈرەككە جايلاشقان، ئاڭلىق روھ بولسا مېڭىدە. مېڭە بولسا ئاڭلىق روھنىڭ بىردىنبىر قورالى، ئۇ شەكىلسىز ھەم ئۆلمەس»

ئۇ ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىنى پلاتو، گالىن ۋە ئارىستوتىللارنىڭ ئىدىيەسى بىلەن شەكىللەندۈرگەن ۋە مېتافىزىكىغا تېخىمۇ ئىچكىرلەپ كىرىشكەن. ئۇ مەڭگۈلۈك ئالەم پرىنسىپلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەن، دۇنيا روھى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇپ، ئۇ دۇنيانىڭ رام قىلغۇچى ئىشلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇقەددەس بىر كۈچنىڭ ئارىغا كىرىشىگە موھتاج دەپ قارىغان.[4]

ئۇ «روھنىڭ تېببىي ئىلمى»دا ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، بىر ئادەمنىڭ ئۆلمەيدىغان ئاڭلىق روھى ماددىي چىرمىشىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

## ئەلفارابىي

1-(Faruqi, 1982)
2-(Adamson & Taylor, 2005)
3-(Razi,1950)
4-(Fakhry.M, 1970)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەلفارابىينىڭ ئىنسانلار روھى توغرىسىدىكى ئەڭ تەپسىلى قاراشلىرى «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى»دا بايان قىلىنغان. ئەسەردە ئەلفارابى پسىخولوگىيىگە ئارىستوتىلچە ئۇسۇل بىلەن يېقىنلاشقان. ئەلفارابىينىڭ قارىشىچە، ئاكتىپ ئەقىل - پاراسەتنىڭ تەرەققىياتى ئاكتىپ روھنىڭ ئۆلمەسلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشى ئارىستوتىلنىڭكى بىلەن ئوخشاش. ئۇ «روھنىڭ ئۆلمەس بىر قىسمى بولسا دەل ئاكتىپ قىسمى ياكى ئاكتىپ ئەقىل» دەپ قارىغان. ئەمما ئەلفارابىينىڭ چۈشەندۈرۈشى ئارىستوتىلدىن پەرقلىنىدۇ. ئەلفارابىينىڭ كۆز قارىشىدا: ئىنسانلار ئىككى دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۈستىدىكىسى شەكىلسىز بولغان ساماۋى ئەقىل - پاراسەت دۇنياسى، تۆۋەندىكىسى چىرىيدىغان ئورگانىزم دۇنياسى. ئىنسانلار روھىدا ئاڭ بولىدۇ، ئۇ ئادەمنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرىدىغان ئاكتىپ ئەقىل. ئاكتىپ ئەقىل يەردىكى ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئەمەلىي ئەقىلگە ئايلاندۇرىدۇ.[5]

ئەلفارابىي روھنىڭ ئىقتىدارلىرىغا چۈشەنچە بەرگەن. ھەممە ئىقتىدارنىڭ ئۆزىگە ماس باشقۇرۇش ئورگانلىرى بار، باشقىلىرى قوشۇمچە بولغان بولىدۇ.[6]

ئۇ «ئادەم تېنىدىكى رەئىس ئەزا بولسا يۈرەك، مېڭە يۈرەكتىن قالسا ئىككىنچى رەئىس ئەزا، قالغانلىرى مېڭىدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ قارىغان. يۈرەك تۆۋەن دەرىجىدىكى باشقا ئەزالار ۋە پۇت - قوللار ئارقىلىق ھەممە ئىقتىدارلارنى باشقۇرىدۇ. ئوزۇقلىنىشنىڭ رەئىس ئەزاسى بولسا يۈرەك، قوشۇمچە ئەزالار بولغان ئاشقازان، جىگەر ۋە تال قاتارلىقلار ئوزۇقلىنىش جەريانىغا قاتنىشىدۇ. سېزىم ئىقتىدارلىرىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلۇيتا چۈشەندۈرۈلگەن: يۈرەك سېزىمنى باشقۇرىدۇ، باشقا قوشۇمچە ئەزالىرى بولسا سەزگۈلەرنى باغلانغان بەش خىل سېزىمدۇر. تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى بولسا يۈرەكتە، باشقا ئورگانلاردا قوشۇمچىلىرى يوق، لېكىن ئۇ باشقا بەش سەزگۈ تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن ئۇچۇرلارنى كونترول قىلىدۇ. ئەلفارابىينىڭ دېيىشىچە، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى بەش خىل سېزىم ئارقىلىق تەمىنلەنگەن ئۇچۇرلارنى ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا، بەزىدە تەمىنلەنگىنىگە ئاساسەن، يەنە بەزىدە ئوخشىمىغان نەرسىگە ئاساسەن ئايرىۋېتەلەيدۇ ياكى باغلىيالايدۇ. ئاڭلىق ئىقتىدار توغرىسىدا «بۇمۇ يۈرەككە جايلاشقان بولۇپ، ھەمدە قوشۇمچە ئەزالىرى يوق. لېكىن باشقا ئىقتىدارلارنى، مەسىلەن: تەسەۋۋۇر، سەزگۈ ۋە ئوزۇقلۇق قاتارلىقلارنى باشقۇرىدۇ» دەپ قارىغان.

ئەلفارابىينىڭ قارىشىچە، نەپس نەپسانىي ھەۋەسنى قوزغىمايدۇ. ئۇ پرىنسىپچانلىق بىلەن ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، يەنى ئۇ دەل ئىرادە بولۇپ، روھنى نەپسانىي ھەۋەسنى قوزغايدىغان ياكى زىيانلىق دەپ قارالغان نەرسىلەرنى تاپالايدىغان قىلىدۇ. ئارىستوتېلغا ئوخشاش ئۇمۇ ئىنساننىڭ ئەقلىي ساۋات ۋە تەسەۋۋۇرىنىڭ پسىخلوگىيىلىك ئورنىنى يۈرەكتە دەپ قارىغان. گەلېننىڭ فىزىئولوگىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن «بۇ ئىقتىدارلارنىڭ رەئىس ئەزاسى مېڭە» دەپ قارىلىشقا ئۆزگەرگەن.

## ئىبنى سىنا

ئىبنى سىنانىڭ مېتافىزىكىسىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئارىستوتىلچە ئاساستىكى يېڭى پلاتونچە پەلسەپەسىدە «روھ» يۇقىرى قاتلاملىق تۈزۈلۈشكە ئىگە. ئارىستوتىل روھقا «تەبىئىي شەكىللەنگەن تەن شەكلى» دەپ ئېنىقلىما بەرگەن، ئىبنى سىنا «بەدەننى بىر پاراخوتقا ئوخشاتساق، روھ ئۇ پاراخوتنىڭ كاپىتانى» دەپ چۈشەندۈرگەن. ئىبنى سىنا روھنى ئۈچ خىلغا بۆلگەن: ئۆسۈملۈك روھى، ھايۋان روھى ۋە تولۇق نامايان بولغان روھ.

روھنى ئاددىيلا چۈشەندۈرۈش قىيىن. ھەم ئۇنى تولۇق نامايان بولۇش ماھىيىتىگىلا خاسلاشقىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى روھ ئەخلاق ۋە ئەقلىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ئىنتىلىدۇ. ئىبنى سىنانىڭ قارىشىچە، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تەنمۇ ۋەيران بولىدۇ.[7]

تەن ۋەيران بولغاندىن كېيىنمۇ روھ ئۆزلۈكىنى ساقلاپ قالىدۇ، مەسىلەن: ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى جۇغلىغان ئوبرازى ۋە پاراسەتلىك كۆزقاراشلىرى ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ:« ئۆزلۈكىنى تونۇش ئېگى روھقا تەۋە، ئۆزلۈكىنى ئەقلىي[8] ئىقتىدار بىلەن يۈزەكى تەبرلەش

5-(Davidson& Herbert A, 1992)
6-(al-Fārābī, 1985)
7-(F. Rahman, 1958)
8-(Arberry, J.A, 1964)

مۇمكىن ئەمەس.»

ئۆلمەس روھ ئادەمنىڭ ياشىغاندىكى ئەخلاقى ۋە جۇغلىغان بىلىمگە تايىنىپ خۇشاللىق ياكى ئازابنى داۋاملاشتۇرىدۇ.[9]

بۇ مەسىلە ئۈستىدە، مەيلى پەلسەپە جەھەتتىن بولسۇن ياكى نەزەرىيە جەھەتتىن بولسۇن، ئىبنى سىنا بۇرۇنقى ئارىستوتىلشۇناسلاردىن ۋە ئىسلام پەيلاسوپلىرىدىن ئېشىپ چۈشكەن. ئۇ بۇ ئارىستوتىللىق ۋە يېڭى پلاتونىك قاراشلارنى ئۆزىنىڭ تونۇش ئىلمىغا (ئېپىستېمولوگىيە) بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرگەن.[10]

بۇ ئىبنى سىنانىڭ ئارىستوتىلنىڭ سۇبىسىناتسىيە نەزەرىيىسىدىن چەتنىگەن هالدا ئوتتۇرىغا قويغان داڭلىق پەرزىدە (ھەرقانداق بىر فىزىكىلىق ياكى سەزگۈ كۆچىگە ئائىت شەيئىلەردىن مۇستەقىل ھاۋادا لەيلەپ تۇرغان ئادەم) دە روشەن ئىپادىلەنگەن. بۇ تەجرىبىنىڭ مەقسىتى بولسا روھنىڭ سەزگۈ، تەسەۋۋۇر ياكى ماددىي نەرسىلەردىن خالىي تۇرۇپمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىنى ئىسپاتلاش. بۇ پەرەز ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادىمۇ ئىنتايىن مەشھۇر بولغان ۋە «لەيلاۋاتقان ئادەم مىسالى» دەپ ئاتالغان.[11] بۇ پەرەزنىڭ دېسكارىدىسنىڭ «تەپەككۇر قىلالايمەن، شۇڭا مەن مەۋجۇت» ئارگۇمانى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىشى ئىنتايىن ھەيران قالارلىق ئىدى. ئىبنى سىنانىڭ قارىشىچە، بۇ پەرەز روھنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن بۇرۇنمۇ ۋە تەننىڭ ئۆلۈشىدىن كېيىنمۇ مۇستەقىل ئەقلىي مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى.[12]

## غەززالىي

غەززالىي ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار روھىنىڭ كۈچى توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلىرىدا ئىبنى سىناغا ئوخشاش بۇرۇنقى پەيلاسوپلارغا ئەگەشكەن. ئۇ ئىبنى سىنا، ئەلفارابىيي ۋە ئارىستوتىل قاتارلىقلارنىڭ روھنى تۆرگە ئايرىش ئۇسۇللىرىغا يېقىندىن ئەگەشكەن. ئۇ:« ئادەم ئاڭلىق جانلىق» دېگەن، ھەمدە ئاڭلىقلىقنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرگەن، ئاڭلىقلىق بولسا ئادەمنىڭ شەيئىلەرنىڭ مەنىسىنى ئىدراك قىلىدىغان ئىچكى قابىلىيىتى. ئەقىل بولسا روھنىڭ مەنىۋى ئۆلچىمى، ئۇ ئارقىلىق ئادەم ھەقىقەتنى باتىلدىن ئايرىيالايدۇ ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلالايدۇ.

بۇ پىكىردە غەززالىي ئەلفارابىيي بىلەن ئىبنى سىنانى تەقلىد قىلغان، بولۇپمۇ ئىبنى سىنانىڭ قاراشلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن.

## ئىبنى رۇشد

ئىبنى رۇشد غەربتە ئەۋېررووس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ روھنىڭ زەنجىرسىمانلىق تۈزۈلمىسىنى تەكىتلىگەن. روھ سېزىمگە، تەسەۋۋۇرغا، نەپسكە ۋە ئاڭغا ئىگە. ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋان روھىنىڭ ئىپتىدائىي ئىقتىدارى بولسا ئوزۇقلۇق ئىشلەپ چىقىرىشتۇر. باشقا جانلىقلار ئوزۇقلىنىش ئىقتىدارىغا تايىنىدۇ ۋە ئوزۇقلىنىش ئىقتىدارى ئۇلارنى مۇكەممەللىككە ئۈندەيدۇ. ئوزۇقلىنىش ئىقتىدارى ئاكتىپ كۈچ، لېكىن سەزگۈ ئىقتىدارى پاسسىپ كۈچتۇر. سەزگۈ ئىقتىدارى سەزگۈ تۆرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە فىزىكىلىق سېزىمغا تايىنىدۇ. تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى سەزگۈ ئىقتىدارىغا تايىنىدۇ، تەسەۋۋۇر تۈرلىرى سەزگۈ تۈرلىرىدىن كېلىدۇ. تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى نەپسىي ئىقتىدارنى غىدىقلايدۇ ۋە ئۇنىڭ نەپسانىي ھەۋەسكە ئىنتىلىشىگە ۋە ياكى ئۇنى چەكلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

## روھنىڭ پسىخولوگىيەدىن ئايرىلىشى

روھنىڭ ئاددىي ئۇقۇملىرى قەدىمكى يۇنانلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پلاتو «روھ تەننىڭ قامىقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ساپلىققا ئېرىشىدۇ» دەپ تەكىتلىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئارىستوتىل روھنىڭ تەندىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە روھنى ئوزۇقلۇق ۋە ھايۋانىي فۇنكسىيەگە باغلىغان. روھ ھازىرقى زاماندا پسىخىكىنىڭ بىر ئۇقۇمىغا ئايلانغان ۋە ئۇنىڭ مېتافىزىكىلىك ئۆلچىمى يوقاپ كەتكەن. بۇ ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ماتېرىياللىششىدىن كېلىپ چىققان نەتىجە. روھ چۈشەنچىسىنىڭ تۈپكى ئۆزگىرىشى ئومۇمەن رىنەي دىسكارتىسىدىن باشلانغان. ئۇ روھ ۋە زېھىن ئۇقۇمىنىڭ ئىككىلىسىنى ئىشلەتكەن. ر.دىسكارتىس روھنىڭ تەپەككۇر تەرىپىنى تەكىتلىگەن ھەمدە ئۇنى زېھىن ياكى ئىدراكتىن پەرقلەندۈرگەن. ئۇنى «ئاڭلىق، شەكىلسىز،

9-(F. Rahman, 1952)
10-(Davidson& Francis,L .A.,2001)
11-(Shifa': Fī al-nafs I.1, p. 16)
12-(Shifa': Fī al-nafs I.1, pp. 18-19)

www.uyghurkitap.com

ئۆلمەس نەرسە» دەپ قارىغان. ئۇنىڭ بۇ قارىشى ئارىستوتىلنىڭ «روھ ئەزالار ئارقىلىق تەنگە تۇتىشىدۇ» دېگەن قارىشىغا زىت.[13]

ئۇ روھنى ھايۋانلار تېنىدىكى ھاياتىي كۈچكە ئوخشاتقان ھەمدە «زېھىن ياكى مەنىۋىيەت» دەپ ئاتىغان. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ «مەن ئويلىيالايمەن شۇڭا مەن مەۋجۇت» دېگەن ئۇقۇمى ئاددىيلا پسىخىكىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇقۇمىنى كۆرسەتمەيدۇ. نۇرغۇن پەيلاسوپلار، مەسىلەن: پلاتو، دىسكارتىس ۋە جورج بېركلى قاتارلىقلار روھنى «ئۆلمەس» دەپ قارىغان.

رىنەي دىسكارتىس «تەن بىلەن زېھىن ئايرىلغان» دەپ قارىغان. ئۇ «ئوي - پىكىر فىزىكىلىق ئەمەس، چۈنكى ئۇ ماتېرىيال دۇنياسىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دەپ قارىغان. ئۇ يەنە «تەن بولسا فىزىكىلىق مەۋجۇدىيەت، ئۇنىڭ ھەرىكەت ۋە قىلمىشىنى ئىلىم ئارقىلىق ئۆلچىگىلى بولىدۇ» دەپ قارىغان. دىسكارتىسنىڭ قارىشىچە كىچىككىنە چىلغوزا بېزى بولسا تەن بىلەن زېھىن ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر قىلىش نۇقتىسىدۇر.[14]

توماس خوبس ۋە جون لوك ئىككى ياقلىمىلىق ئۇقۇمغا قوشۇلمىغان. ئۇلار «ئىنسانلارنىڭ ھەممە تەجرىبىلىرى فىزىكىلىق جەريان. تۇيغۇ، ئوبراز، ئوي -خىيال ۋە ھېس - تۇيغۇلار ھەممىسى ئىزدىنىشكە تېگىشلىك تېمىلار» دەپ قارىغان. بۇ كۆزقاراش بويىچە تەن بىلەن زېھىن ھېچقانداق ئاساسىي بۆلىنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇلار بىر ھەم ئوخشاش. بۇ قاراش «مونىزم» دەپ ئاتالغان. بۈگۈن نۇرغۇن ئىلىملىق تەتقىقات تەن بىلەن زېھىننىڭ ئۆزئارا زىت باغلىنىشچانلىقىنى كۆرسەتتى. «Psychoneuroimmunology _ پسىخىكا، نېرۋا ۋە ئىممۇنىتېت سىستېمىلىرى ئالاقە ئىلمى» ۋە «Behavioral medicine _ قىلىق مېدىتسىناسى» تەن ۋە زېھىننىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن. چۈنكى ئىنساننىڭ فىزىئولوگىيەلىك ۋە روھىي ئۆزگىرىشى ئۆزئارا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا كۆپلىگەن پسىخولوگلار ئىككى ياقلىملىققا كۈچلۈك قارشى تۇرغان.

مانولىس دافرموس، ج.ۋ.لەيبنىتز ۋە س.ۋولف قاتارلىقلار ماتېرىيالىستىك مېخانىزملىق نەزەرىيەلەرنى قوللىمايدىغانلىقىنى، روھنىڭ ئاكتىپ ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەندىن خالىيلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. رىئاللىق پسىخولوگىيىسى ئويلىنىش ئارقىلىق روھنى سېزىشكە مەركەزلىشىدۇ. ۋولفنىڭ قارىشىدا ئويلىنىش ۋە ئاڭ پسىخولوگىيىسى روھ ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى بايقايدۇ. ئاڭ پسىخولوگىيىسى روھ توغرىسىدا دەسلەپكى ۋە دىداكتىكىلىق ھۆكۈم چىقىرىدۇ.[15]

پەيلاسوپ ئىممەنئۇئېل كانت ئاڭ پسىخولوگىيىسىنىڭ «روھ شەكىلسىز، مۇقەددەس ۋە ئۆلمەس نەرسە» دېگەن يەكۈننى خاتا دەپ تەنقىد قىلغان.[16]

ئۇ: «ئىنسانلار روھنى بىلەلمەيدۇ، لېكىن ئەخلاق - پەزىلەت تۇرغۇزۇش ۋە ئەمەلىي ئۇنۇم يارىتىش ئۈچۈن روھنى شەكىلسىز، ئۆلمەس دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ» دەپ تەكىتلىگەن. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا «زېھىن» دېگەن سۆزنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن «روھ» مۇقەددەسلىكى ۋە مېتافىزىكىلىق ماھىيىتىنى يوقىتىپ، كۆپىنچە ئەقلىي تونۇش جەريانىغا خاسلاشتۇرۇلغان. ۋاتسىننىڭ ئىتىمچىلىكى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن، گېرمان پەيلاسوپى، جەمئىيەت - سىياسەت نەزەرىيەچىسى ۋە پسىخولوگ ف.ئا.لانجى روھسىز بىر پسىخولوگىيە ئېقىمىنى يولغا قويغان. «يېڭى پسىخىكا» باش كۆتۈرۈپ، روھ ئىلمىنىڭ قۇرۇلۇش كۆزقاراشلىرىنى مەغلۇپ قىلغان. زېھىن، ھەرىكەت ۋە قىلمىش قاتارلىقلار روھنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. ف.ئا. لانجى: «روھ دېگەن بىر قۇرۇق ئۇقۇم» دەپ قارىغان.

پسىخولوگ، پەيلاسوپ ۋىليام جەيمىس يېڭى دەۋر پسىخولوگلىرىنىڭ «روھ مەۋجۇت ئەمەس، ھېچ بولمىغاندا ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ» دېگەن قارىشىغا قوشۇلغان.[17]

«روھ كىملىك ياكى ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتكە باغلانمايدۇ» دەپ قارالغان. لېكىن يەنە بىر قىسىم پەيلاسوپلار، مەسىلەن: فرانسىيەلىك پەيلاسوپ گابخىيىل ماخسىل يەنىلا ئىنسان روھىنىڭ مېتافىزىكىلىق ئامىللىرىنى تەكىتلىگەن.[18]

13-(MacDonald, 2003)
14-(pineal gland)
15-(Manolis Dafermos, 2014)
16-(Richards, 1980)
17-(Manolis Dafermos, 2014)
18-(Reed. S.E, 1998)

VA: IIIT

- Fakhry, M (1970) . A History of Islamic Philosophy p. 123. New York: Columbia University Press
- F. Rahman (1958 ), Prophecy in Islam: Philosophy and Orthodoxy pp. 42-44 London: Allen & Unwin Press
- Ibn Sina, Shifa': Fī al-nafs I.1, p16,
- Ibn Sina , Shifa': Fī al-nafs I.1, pp. 18-19
- Klima.G, Allhoff.F, Vaidya,A (2007) Medieval philosophy : essential readings with commentary,p195 Malden, MA ; Oxford: Blackwell Pub press
- Martin.R,Barresi.J (2007) .The Rise and Fall of Soul and Self , p201, New York: Columbia University Press
- M. Fakhry,(2001) Averroes pp.56-70 Oxford: OneWorld
- MacDonald, P. (2003). History of the concept of mind: Speculations about soul, mind, and spirit from Homer to Hume. Burlington, VT: Ashgate.
- O›Daly, G ,( 1987). Augustine›s Philosophy of Mind, pp. 11–15 ,University of California Press
- Plato, 1961. Phaedo (Trans.Hugh Tredennick ) Pantheon Books.
- Plato , 2004. Republic( Trans,with Introduction, by C. D. C. REEVE) Indianapolis&Cambridge : Hackett Publishing Company, Inc.
- Rahman (1952 ) Avicenna›s Psychology: An English Translation of Kitāb Al-Najāt, p.66 ,Westport, Connecticut: Hyperion press
- Rahman (1952) Avicenna›s Psychology: An English Translation of Kitāb Al-Najāt, p.111 , Westport, Connecticut: Hyperion press
- Richards, R. J. (1980). Christian Wolff's prolegomena to empirical and rational psychology: Translation and commentary. Proceedings of the American Philosophical Society, 124 (3), 227–239.
- Reed,S.E.(1998) From Soul to Mind: The Emergence of Psychology, from Erasmus Darwin to William James p.217 New Haven &London: Yale University Press
- Shields, Christopher , 2015 De Anima, Translated with an introduction and commentary, Oxford: Oxford University Press

## مەنبەلەر:

- Augustine, 1998. De Civitate Dei , translated in The City of God Against the Pagans( trans.R.W.Dyson) Cambridge Texts in the History of Political Thought, Cambridge University Press
- al-Ahwani F. A .(1948) Al-Kindi, Treatise on First Philosophy, pp. 77-143, Cairo
- Adamson .P & Taylor .C .R, 2005 , The Cambridge Companion to Arabic Philosophy pp.41-42 UK& New York: Cambridge University Press
- al-Razi ,1950. The Spiritual Physick of Rhazes (Trans. Arthur J. Arberry) p. 29 London: Butler & Tanner Ltd.
- al-Farabi 1985, Mabādi' ārā' ahl al-madīnah al-fāḍilah (al-Farabi on the Perfect State) [also known as The Virtuous City], ( trans. Walzer .R.) Oxford: Clarendon Press .
- Avicenna,1959, De anima (Arabic text), (Trans. Rahman.F.) London, New York ,Toronto : Oxford University Press
- Arberry, J.A (1964) Aspects of Islamic Civilization , p. 153 London: George Allen & Unwin
- Al-Attas. (1980). The Concept of Education in Islam. Kuala Lumpur: ISTAC
- Averroes. (2001). Faith and Reason in Islam [al-Kashf]. (trans. I. Najjar ). Oxford: Oneworld,
- Berghash.R &Jillson. K(1998).Thoughts on Psyche, Soul, and Spirit :Journal of Religion and Health 37(4) , 313-322.
- Davidson, Herbert A. ,( 1992). Alfarabi, Avicenna, and Averroes, on Intellect. pp. 44-55, New York: Oxford University Press
- Davidson, Francis L. A. (2001) Raising Up Humanity pp. 106-115. PhD Thesis, University of York
- Dafermos. M (2014) Encyclopedia of Critical Psychology , 1529-1532 New York: Springer
- Faruqi R. I(1982) Islamization of Knowledge. Herndon,

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# ئىجتىمائىيلىشىش[1]

مەدىنە مۇھەممەد
ئىستانبۇل ساباھەتتىن زەئىم ئۇنىۋېرسىتېتى
جەمئىيەتشۇناسلىق ماگىستىر ئاسپىرانتى

ئىنسان ئىجتىمائىي جانلىق. ھاياتقا ئالاقدار ياخشى-يامان، چىرايلىق - سەت، توغرا ياكى خاتا ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پۈتۈن ھادىسىلەرنى بىز ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا ئۆگىنىمىز، شۇڭا ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەر باسقۇچىدا ئىجتىمائىيلىشىشقا موھتاج. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىنساننىڭ توغرا ئىجتىمائىيلىشىشى بىلەن ئوك تاناسىپتا تۇرىدۇ دېسەك خاتالاشمايمىز. ئىجتىمائىيلىشىش گەرچە ھاياتىمىزدا ئايرىلماس مۇھىم بىر ئامىل بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بولغان چۈشەنچىمىز كۆپىنچە ۋاقىتتا تولىمۇ يۈزەكى ۋە ئاز. ئەگەر بىر ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەربىر باسقۇچىدا ياشاۋاتقان جەمئىيىتىگە نىسبەتەن توغرا ئىجتىمائىيلىشالىسا، بۇ شۇ شەخسنىڭ ساغلام پىسخىكىغا ئىگە بولۇشى شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ نورمال ۋە سۈپەتلىك راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىغان بولىدۇ.

## ئىجتىمائىيلىشىش دېگەن نېمە؟

ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بىر شەخسنىڭ تۇغۇلغاندىن تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت ۋە مەنسۇپ بولغان گۇرۇپپىلارنىڭ كۇلتۇرىنى ئۆگىنىش جەريانى ئىجتىمائىيلىشىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا ئۆگەنگەنلىرى شەخسنىڭ پوزىتسىيە ۋە ئىش - ھەرىكىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، قانداق غىزالىنىش، نېمىلەر بىلەن غىزالىنىشنى بىز ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا ئۆگىنىمىز. گەرچە بەزى نەرسىلەرنى يەپ تەمىنى تېتىپ باقمىغان، ئۇ ھەقتە مەلۇم تەجرىبىمىز بولمىسىمۇ، ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا بىز تەئەللۇق بولغان جەمئىيەتنىڭ قىممەت قاراشلىرى بىزگە سىڭگەچكە، ئۇ نەرسىگە نىسبەتەن سەسكىنىش ياكى ياخشى كۆرمەسلىك پوزىتسىيەسىدە بولىمىز. مەسىلەن، چوڭلىرىمىز ياشىغان دەۋرلەردە ھەر خىل دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ھەتتا ھەر خىل كۆكتاتلار يوق بولغاچقا ئۇلار ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا بۇ نەرسىلەر بىلەن ئۇچراشمىغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىستېمالىمىزغا كىرگەن مەھسۇلاتلار گەرچە كۆپەيسىمۇ، ئەمما بەزى چوڭلىرىمىز يەنىلا يېڭى تۈرلەرنىڭ شەكلى ۋە كۆرۈنۈشى، ئەڭ مۇھىمى ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا سىڭگەن قىممەت قاراشلىرى سايىسىدە سەسكىنىش ۋە يىرگىنىش پوزىتسىيەسى بىلدۈرۈپ، يېڭى تۈرلەرنى ئىستېمال قىلىشنى رەت قىلغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. شۇڭا دېيەلەيمىزكى، ئىجتىمائىيلىشىش چوڭ جەھەتتىن كۇلتۇرنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىشىدا مۇھىم

1-M.ZENCİRKIRAN (2016), SOSYOLOJİ, BURSA, DORA YAYINCILIK

رول ئوينىسا، تار جەھەتتىن شەخسنىڭ كىشىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

### ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى

ئىجتىمائىيلىشىش بىر پۈتۈن ھاياتىمىزدا داۋاملىشىدىغان ئۇزۇن بىر جەريان. جەمئىيەتتىن كۈتكەنلىرىمىزنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدىن سىرت، يېشىمىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كىشىلىكىمىز ۋە فىزئولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەر ئىجتىمائىيلىشىشىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىيلىشىش چوڭ جەھەتتىن ئىككى باسقۇچقا ئايرىلىدۇ.

**1-باسقۇچ**

باللىق _ بۇ مەزگىلدە بالا پەقەت ئائىلە ۋە كىچىك دائىرىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە بىغىدا ياشايدۇ ھەم باشقىلاردىن كۆرگەنلىرىنى تەقلىد قىلىپ ئويۇن شەكلىدە ئۆگىنىدۇ. بەلكىم ھەممەيلەن مېھماندارچىلىق ئويۇنىدا بىرىمىز ئاپىنىڭ، بىرىمىز دادىنىڭ رولىنى دورىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئەمما يېقىنقى زامانلاردا تېلېۋىزور ۋە تېلېفون قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلار بالىلارنىڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىيلىشىشىدا مۇھىم تەسىرگە ئىگە بولماقتا. بالىلار كۆرگەنلىرىنى تەقلىد قىلىپ ھەر خىل كۆلتۈردىكى مۇئامىلە ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرنى ئۆگەنمەكتە.

**2-باسقۇچ**

باللىقتىن كېيىنكى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى _ جەمئىيەت بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدىغان مەزگىل. بۇ باسقۇچتا شەخس ئالغان مائارىپى، تۇتقان دوستلىرى، جەمئىيەتتە ئۇچراشقان ھەر ساھەدىكى شەخسلەر، قاتناشقان تەشكىلات ياكى خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

چوڭ جەھەتتىن بىر شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئىككى باسقۇچلۇق دەپ چۈشەنسەكمۇ، ئەمما جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئىجتىمائىيلىشىش تۆت باسقۇچقا ئايرىلىدۇ. بۇلار باللىق دەۋرى، ئۆسمۈرلۈك دەۋرى، قۇرامىغا يەتكەن دەۋر ۋە قېرىلىق دەۋرى. بۇ تۆت دەۋرنىڭ كەسكىن ئايرىلىش نۇقتىسى يوق، يەنى ياش بىلەن بۇ تۆت دەۋرنى ئېنىق، كەسكىن ئايرىش خاتا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ.

### شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار

تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئائىلىمىزدىن تا بىز ئەزا بولغان چوڭ تەشكىلاتلارغا قەدەر پۈتۈن مۇئەسسەسەلەر بىزنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللاردۇر.

**1-ئامىل: ئائىلە**

ئائىلە _ ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ ئۇل تېشى. سىرتقى كۈچكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىز بولمىغان بوۋاق ھالىتىمىزدىن ئاستا - ئاستا چوڭ بولۇش جەريانىمىزدا ھاياتقا بولغان تونۇشىمىز ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. ھېس - تۇيغۇلىرىمىزنىڭ يېتىلىشىدە ئائىلىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ. ئائىلىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قانداق بولۇشى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى مۇئامىلىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئاتا - ئانا ئۆز رولىنى ياخشى تونۇغان ۋە لايىقىدا جارى قىلدۇرغان ئائىلىدە مېھىر - مۇھەببەتكە قېنىپ چوڭ بولغان شەخسنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز ئائىلىسىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇش نىسبىتى ئاتا - ئانىسى رولىنى ياخشى جارى قىلمىغان ئائىلىدە چوڭ بولغان شەخسكە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. ئائىلىلەر بىر - بىرىدىن پەرقلىق، شۇڭلاشقا بۇ پەرقنىڭ سەۋەبمۇ ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن دىن، ئىقتىساد، دۇنيا قاراش، مائارىپ، جۇغراپىيەلىك ئورۇننىڭ پەرقلىق بولۇشى... ئەگەر بىر شەخس دىندار ئائىلىدە چوڭ بولغان بولسا ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىدا دىنىي ئامىللار كۆپرەك ئورۇن ئېلىشى مۇمكىن. ئەگەر بىر شەخس يېزىدىكى نامرات بىر مۇھىتتا چوڭ بولغان بولسا ئۇنداقتا ئۇ شەھەردە باياشاتلىقتا چوڭ بولغانلارغا قارىغاندا تۇرمۇشقا نىسبەتەن تېخىمۇ ئىرادىلىك ۋە ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن. يەنە نۇرغۇن ئوخشىمايدىغان ئائىلە تىپى شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىدا ئوخشىمايدىغان تۈنجى ئىشىكنى ئاچىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 2-ئامىل: يەسلى

بەلكىم شەھەردە تۇغۇلغان بولساق باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن يەسلىدە ئوقۇغان بولۇشىمىز مۇمكىن. چۈنكى يەسلى شەھەرلىشىش جەريانىدا ئاياللارنىڭ ئىشلەش نىسبىتىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان مۇئەسسەسە. ئۇ خىزمەتچى ئاياللارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشتە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. يەسلى باشلانغۇچ مائارىپتىن بۇرۇنقى تەييارلىنىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئاساسلىقى بالىلارغا ئويۇن ئارقىلىق ھەر خىل كۇلتۇر پائالىيەتلىرى ۋە كىشىلىك ئالاقە ئۇسۇللىرى ئۆگىتىلىدۇ.

## 3-ئامىل: مەكتەپ

بۇ قىسىمنى ئەسلى مائارىپ دەپ ئالساممۇ بولاتتى، ئەمما مائارىپ ئىچىگە ئائىلە مائارىپى ۋە ھەر خىل قىسقا مۇددەتلىك سىستېمىلىق بولمىغان ئۆگىنىش جەريانلىرى ھەم داخىل بولالايدىغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپ دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. چۈنكى مەكتەپ شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىغا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەتتا نۇقتىلىق رول ئوينايدىغان، شۇنداقلا كۇلتۇرنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان مۇھىم مۇئەسسەسە. مەكتەپكە پەرقلىق ئائىلىلەردىن ئوخشىمىغان كىشىلىككە ئىگە بالىلار يىغىلىدۇ ۋە شۇ جەمئىيەتنىڭ ئورتاق قىممەت قاراشلىرىنى ۋە ئاساسىي جەمئىيەت قائىدىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. چوڭ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، مەكتەپلەردە دۆلەت ئۆزى كۆزلىگەن «ياخشى پۇقرالارنى» يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى پىلانلىغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئىككى قىرلىق نەتىجىسى بولىدۇ، بۇ ھەقتە كېيىنكى ئامىللاردا ئايرىم توختىلىمىز. بالىلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىدا 5 ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان جەريانى ئەڭ ئاساسىي باسقۇچ بولغاچقا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ئەڭ ئۇزۇن ۋە ئەڭ ھالقىلىق بىر باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ.

## 4-ئامىل: دوستلۇق چەمبىرىكى

شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىدا يەنە بىر مۇھىم ئامىل دوست - بۇرادەرلىرى. شەخسنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە بىللە ئوينايدىغان ھەتتا ئائىلىسىدىكىلەردىن بەكرەك سىردىشىدىغان دوستلىرى بولىدۇ. كۆپ خىل يېڭىلىقلارنى دوستىدىن ئۆگىنىدۇ ياكى بىللە ئۆگىنىدۇ. ئارىلاشقان دوستلىرىنىڭ قانداق بولۇشى شەخسنىڭ ياخشى ياكى ناچار ئادەتلەرنى ئۆگىنىشىگە سەۋەب بولغاچقا، ئائىلە ئىچى مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىشچان پسىخىكىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈۋېلىشى مۇمكىن.

مەسىلەن، كىچىك ۋاقتلىرىمىزدا ئاتا - ئانىمىز ئۇلار ئارىلىشىشىمىزنى چەكلىگەن بالىلار بىلەن ئوينىساق بىزنى جازالايتتى. دېمەك ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، دوستلۇق چەمبىرىكىمىزنى ھەر خىل ئۆلچەم ۋە قائىدىلەر كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.

## 5-ئامىل: ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋاستىلىرى

ئۈچۈر دەۋرىدە ئىجتىمائىيلىشىشقا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋاستىلىرى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بۇۋاق ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋاستىلىرى ئىچىدە چوڭ بولىدۇ. تېلېۋىزور ياكى توردا ھەر ياشتىكى بالىلارغا ماس كېلىدىغان پروگراممىلار ۋە ئويۇنلار مەۋجۇت بولۇپ، بالىلارغا ھەر خىل قەھرىمانلىق ئوبرازلىرى ۋە ئۈلگىلەرنى سۇنۇش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىغا ھەم پايدىلىق ھەم ناھايىتى زىيانلىق تەسىر كۆرسەتمەكتە. پايدىلىق دېگىنىمىزدە، بالىلار ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپ ھەر خىل زېھىن ئېچىش ئويۇنلىرىنى ئۆگىنەلەيدۇ ۋە شارائىتى يار بەرمىگەن ئەھۋالدا كۆرۈپ باقمىغان شەيئىلەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر توغرا ۋە مۇۋاپىق پايدىلانسا ئىجتىمائىيلىشىشنى ئۆيدىن چىقماي توغرا ئۆرنەكلەردىن ئۆگىنەلەيدۇ. ئەمما زىيانلىق تەرەپلىرىگە قارايدىغان بولساق ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي تاراتقۇ بىر غايەت زور تىجارەت سېخى بولۇپ، بالىلارغا ئۆگەتكەن يېڭىلىقلىرى دائىم ئىستېمال ئۇستىگە قۇرۇلغان، بالىلارنىڭ ئېھتىياجىدىن ھالقىغان ئارتۇق نەرسىلەر مەۋجۇت دېسەك خاتالاشمايمىز. ئىجتىمائىي تاراتقۇدا ئۆرنەك قىلىپ كۆرسەتكەن قەھرىمان ياكى ھەر خىل روللارنى قۇرۇق قول تەقلىد قىلغىلى بولمىغاچقا، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ پارلاق كەلگۈسى

ئۈچۈن ئاكتىپ ئىستېمالچىغا ئايلىنىدۇ. بىز دائىم ھازىرقى ياش ئاتا - ئانىلاردىن «بالا بېقىش بەك تەس، بەك كۆپ پۇل كېتىدۇ» دېگەندەك شىكايەتلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئەمەلىيەتتە قانداق ئىستېمالچى بولۇش شەخسنىڭ ئۆزىگە باغلىق مەسىلە، ئىجتىمائىي تاراتقۇدىن قانداق پايدىلىنىش ھەم شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە باغلىق مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىر زىيانلىق نۇقتا بولسا، بالىلار پسىخولوگىيىلىك يېشىدىن بۇرۇن ھەر خىل زوراۋانلىق ۋە جىنسىيەتكە ئائىت مۇۋاپىق بولمىغان مەزمۇنلارنى بالدۇر ئۆگىنىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ ساغلام ئىجتىمائىيلىشىشىغا ۋە ساغلام پسىخىكىغا ئىگە بولۇشىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ساغلام بولمىغان ئۆلگە بالىلارنىڭ خىيال دۇنياسىدا قەھرىمان سۈپىتىدە تەقلىد قىلىنىدىغان ئوبراز بولۇپ جانلىنىشى توغرا بولغان ئىجتىمائىيلىشىش قوراللىرى ۋە ئۆلچەملىرىگە زىت بولسىمۇ، بالىلار يەنىلا ئۇنى قوبۇل قىلغاچقا كېيىنكى مەزگىلدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان كۆپ مەسىلىلەرنىڭ ئوت پىلتىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

## 6-ئامىل: ئىش ھاياتى ۋە تەشكىلاتلار

ئىش ھاياتى كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىن كېيىن كېلىدىغان بىر باسقۇچ. ئىش ھاياتى قۇرامىغا يەتكەن شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى ئۈچۈن ياخشى بىر سەھنە ھېسابلىنىدۇ. شەخس ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ چىقىدۇ ۋە مۇستەقىللىق ئېڭى كۈچىيىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەخسنىڭ جەمئىيەت ئىچىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئاشىدۇ، ھاياتنى قانداق پىلانلاش ۋە ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردىن ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. نەتىجىدە شەخسنىڭ تېخىمۇ ساغلام ئىجتىمائىيلىشىشىغا يەنە بىر ھەسسە پايدا ئېلىپ كېلىدۇ.



## 7-ئامىل: دىن

مەيلى ئامېرىكىدەك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە بولسۇن ياكى ئافرىقىنىڭ زامانىۋى تەرەققىياتلار بىلەن ئۇچرىشىپمۇ باقمىغان قەبىلىسىدە بولسۇن، دىن بىر شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىدا تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ۋە تەسىرچانلىقى ئەڭ يۇقىرى بولۇش مەرتىۋىسىدىن چۈشۈپ قالغىنى يوق. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئارقىلىق كىشىلىك مۇناسىۋەت قۇرۇش كەڭ تارقىلىۋاتقان دەۋردە، ئىجتىمائىيلىشىشتا يۈز بېرىۋاتقان ئېغىر مەسىلىلەر، شۇنداقلا پارچىلىنىۋاتقان كىشىلىك مۇناسىۋەت بېغىنى كۈچلەندۈرۈش ھەم تۈزەشتە دىن ۋە ئائىلىدىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم ئامىلنىڭ رولىنى جەمئىيەتشۇناسلار دائىم ئەسكەرتىپ ئۆتمەكتە. شۇڭا كۆپ دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ سىستېمىسىغا كۆز يۈگۈرتىدىغان بولساق، باشلانغۇچتىن تاكى تولۇق ئوتتۇرا دەرسلىكلىرىگىچە دىن كۇلتۇرى ۋە ئەخلاق قاتارلىقلارنىڭ دەرسلىك پىلانىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى دىننىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئىجتىمائىيلىشىشتا تولىمۇ مۇھىم رولغا ئىگە بىر ئامىل ئىكەنلىكىدۇر.

## 8-ئامىل: دۆلەت

ئىجتىمائىيلىشىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللاردىن مەكتەپ ئامىلى ھەققىدە چۈشەندۈرۈش بەرگىنىمىزدە، كۆپىنچە دۆلەتلەرنىڭ ياراتماقچى بولغان پۇقرا تىپىنى مائارىپ ئارقىلىق يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا كۆپ كۈچەيدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ھەقىقەتەن دۆلەت كۈچى ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدىكى تەسىرى كۈچلۈك بىر ئامىل. دۆلەت پەقەت مائارىپتىلا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈن ئىش ئورۇنلىرى ۋە رەسمىي ھەم رەسمىي بولمىغان ئورگانلاردا دۆلەتنىڭ ئارزۇلىغان پۇقرا تىپىنى يارىتىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىغا يولباشچى بولۇشنى ئىستەيدۇ. دۆلەت كۈچىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشقا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئازايتىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە قارىتا، دېموكراتىك دۆلەتلەر يۇمشاق ئۇسلۇبتا بىر تەرەپ قىلىش يولىنى تاللىسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھاكىممۇتلەق، دىكتاتور ھۆكۈمەتلەر قاتتىق يول بىلەن بىر تەرەپ قىلماقتا. مەسىلەن، خىتتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى ئۆزى خالىغان خىتتايچە تەپەككۇر قىلىدىغان يۇقرالارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئۇسۇل - چارىلەرنى قوللاندى، مائارىپنى خىتتايچىلاشتۇرۇش بۇلارنىڭ بىرى، خالاس. ھەر قېتىم ئۇيغۇر خەلقى خىتتاينىڭ خىتتايلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىگە قارشى چىقسا ھۆكۈمەت قاتتىق يوللار بىلەن خەلقنى باستۇردى.

دىكتاتور دۆلەتلەر«1984» رومانىدىكى ھەر ۋاقىت خەلقنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان «چوڭ بۇرادەر»نىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىش قىلىدىغان «رايىش ئىنسان» يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## ئىجتىمائىيلىشىش ۋە يېڭىچە كىشىلىكنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى، خەلقئارالىق ھەمكارلىقنىڭ كۈچىيىشى دۇنيادا تېز سۈرئەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. تاشقى سەۋەبلەر ئىچكى سەۋەبلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە باشلامچى بولدى ۋە يېڭى نەسىللەر بۇرۇنقى نەسىللەردىن پەرقلىق ھالدا، قىسقا يولدىن ئازكۈچ سەرپ قىلىپ تېز باي بولۇشنى، ئوتتۇق قازىنىپ مەرتىۋىگە ئىگە بولۇشنى ئارزۇلايدىغان بىر مەنزىرە شەكىللەندى. بۇ جەرياندا ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ بولۇپمۇ تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە سىڭدۈرۈشكە تىرىشقان يېڭىچە قىممەت قاراش، يېڭىچە ئىستېمال چۈشەنچىسى ئەڭ چوڭ رول ئوينىدى دېيەلەيمىز. يېڭىچە كىشىلىككە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

1-شەخسىيەتچىلىك ئېڭى كۈچلۈك، ئەمما بۇنى ئۆزىنى سۆيۈش دەپ قوبۇل قىلىدۇ.

2-ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلارنى تاشلاپ يېڭىچە بولغان ھەر قانداق نەرسىگە تېز ماسلىشالايدۇ.

3-نەپسانىيەتچىلىكى كۈچلۈك، ئويلايدىغىنى پەقەتلا مەنپەئەت ۋە ئابروي.

4-راھەتپەرەس، جاپادىن قاچىدۇ.

5-ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتلەردىن قاچىدۇ.

6-ھازىرنىڭ ئۆزىنى ياشاشقا مايىل، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىدىن ئانچە غېمى يوق.

7-كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئائىلە، دوست ياكى باشقا مۇناسىۋەتلەرنىڭ قىممىتىنى پۇلچىلىك مۇھىم ئەمەس دەپ ئويلايدۇ.

8-تېز سۈرئەتتە باي بولۇش، تېز سۈرئەتتە مەرتىۋىگە ئىگە بولۇش ئارزۇسى كۈچلۈك.

9-كۆپ ئىستېمالنى كۆپ خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ، تەلۋىلەرچە ئەڭ يېڭى مودىنى قوغلىشىدۇ.

بەلكىم يېڭى كىشىلىكنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىزدە يوقتۇر، ئەمما «يېڭى ئىستېمال دەۋرىدىن بىز ھېچ تەسىر كۆرمىدۇق» دېيىش مەنچە يالغان سۆز بولۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز ئىستېمال دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز، بىز كۆرۈۋاتقان ئېلانلار ھەتتا نۇرغۇن پروگراممىلار بىزنى ئىستېمال قىلىشقا چاقىرىدۇ. «ياخشى ئىستېمالچى ياخشى ئىجتىمائىيلىشالايدۇ» دېگەن چۈشەنچىنى مەيلى بىز خالايلى ياكى خالمايلى مېڭىمىزگە سىڭدۈرۈشكە كۆپ ئۇرۇنىدۇ. ياخشى قارايدىغان بولساق بەزى دوستلۇق مۇناسىۋىتى، ھەتتا ئائىلىلەرمۇ ئىستېمال بىغى ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ياخشى كۆرگەن ئادەملىرىمىزگە كۆپ پۇل خەجلەپ بەرسەك ياخشى دوست ياكى ياخشى يار ھېساپلىنىدىغان، يېقىن كىشىلىرىمىز بىلەن پۇل خەجلەيدىغان يەرلەرگە بارساق رىشتىمىز تېخىمۇ مەھكەم باغلىنىدىغاندەك ھېس - تۇيغۇدا ياشايدىغان بولۇپ قالدۇق.

ئەگەر بۇ مەسىلىلەرنى نېگىزىدىن سۈرۈشتۈرۈپ ھەل قىلماقچى بولساق ئالدى بىلەن قانداق بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ئوبدان تونىشىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈلتۈرىمىزدىكى قىممەت قاراشلارنى ئەڭ باشقا قايتىپ سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىشىمىز ۋە ئىجتىمائىيلىششىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاساسىي شەرتلىرىنى قايتا ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار توغرىسىدا كېيىنكى ماقالىمىزدە توختىلىمىز.

**داۋامى بار...**



# تۈركىيە ئىقتىسادى ھەققىدە دەسلەپكى تونۇش

ئادىل قاراخانلى
قەھرىمان ماراش سۇتچى ئىمام ئۇنىۋېرسىتېتى-ئىسلام ئىلىملىرى بۆلۈمى
ۋە ئانادولۇ ئۇنىۋېرسىتېتى-خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمى ئوقۇغۇچىسى

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىلىم ئېلىشۋاتقان ۋە تىجارەت قىلىشۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىختەرلىك سەۋەبى بىلەن تۈركىيەگە كېلىپ ئورۇنلىشىشى، تۈركىيەدىكى ياشاۋاتقان ھەر ساھەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەدە ئىگىلىك تىكلەش ۋە تىجارىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قەيەرگە ۋە قانداق شەكىلدە مەبلەغ سېلىش باش قېتىنچىلىقى كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ. 21-ئەسىر بىلىم ۋە ئۇچۇر دەۋرى بولۇپ بىلىمگە ۋە مەلۇماتقا تايانماي قارىغۇلارچە مەبلەغ سېلىش ئىنساننى پايدىدىن كۆپ زىيانغا ئۇچرىتاتتى. بۈگۈنكى كۈندە مەلۇم بىر دۆلەتكە مەبلەغ سېلىش، ئولتۇراقلىشىش، مائارىپ ئىشلىرى شۇ دۆلەتنىڭ تۈزۈمى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، سىياسىي يۆلىنىشى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. بۇ تەرەپلەرنى ياخشى بىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىلمىي مەلۇمات، دوكلاتلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋەجىدىن تۈركىيەدە ياشاۋاتقان، چىقىش يولى ئىزدىنىۋاتقان ۋە مەبلەغ سېلىپ ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولغانلارغا ئۆز ئانا تىلىمىزدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئىزدىنىشلارغا تايىنىپ يېزىلغان بىلىملەرنى تەقدىم قىلىش تەخىرسىز بىر ئىش بولۇپ قالغان ئىدى. تۈركىيەنىڭ ئىقتىسادىغا چېتىشلىق مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ماقالىدە تەپسىلىي بايان قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تىزىلىش تەرتىۋى بويىچە بىر قانچە ماقالىدە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىلىدۇ. بۇ بىرىنچى ماقالىدە تۈركىيەنىڭ جۇغراپىيە ئورنى، جۇغراپىيە رايونلار ۋە بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىللىكلىرى، ھەرقايسى رايونلاردا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر، نوپۇسنىڭ تۈرلىرى ۋە تارقىلىشى، ئەمگەك كۈچى، ئىشسىزلىق ۋە ئۇنىڭغا چېتىشلىق ئاتالغۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

## تۈركىيەنىڭ جۇغراپىيىسى ۋە جۇغراپىيىلىك رايونلىرى

تۈركىيەنىڭ يەر كۆلىمى 783.577 كىلومېتىر بولۇپ بۇنىڭغا ئارال ۋە كۆللەر قېتىلغاندا ئومۇمى يەر مەيدانى 814.578 كىلومېتىر. تۈركىيە يەر مەيدانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تاغلار ۋە ئويمانلىقلار ئىگەللەيدۇ. تۈركىيە جۇغراپىيىسى ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەسىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئەڭ يېقىنلاشقان، ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى ئايرىپ تۇرىدىغان يەرگە جايلاشقان بولۇپ يەر مەيدانىنىڭ 3%تى ياۋروپا قىتئەسىگە 97%تى ئاسىيە قىتئەسىگە تەۋە. دۇنيا تىجارىتىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئىستانبۇل ۋە چاناققەلئە بوغازلىرى تۈركىيە زېمىنىدا يەر ئالماقتا.[1] تۈركىيە شەرقتە گىرۇزىيە، ئەرمەنىستان، ئەزەربەيجاننىڭ نەخچىۋان رايونى ۋە ئىران

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تۈركىيە 81 ۋىلايەت خەرىتىسى*




بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربتە يۇنان، بۇلغارىستان، جەنۇبتا ئىراق ۋە سۇرىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. سۇرىيە چېگرىسى ئەڭ ئۇزۇن چېگرا بولۇپ ئۇزۇنلىقى 911 كىلومېتىر. تۈركىيەنىڭ ئومۇمىي چېگرا ئۇزۇنلىقى 11086 كىلومېتىر بولۇپ 7816 كىلومېتىر دېڭىز چېگرىسى بار.[2] تۈركىيە جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبلىك قوشنا دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىق، ئۇرۇش ۋە ياكى چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سۈركىلىش قاتارلىقلاردىن تېزلا تەسىرگە ئۇچرايدۇ. تۈركىيە جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن مارمارا، ئەگە، ئاق دېڭىز، ئىچكى ئانادولۇ، قارا دېڭىز، شەرقىي ئانادولۇ ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئانادولۇ قاتارلىق يەتتە رايونغا بۆلۈنگەن بولسا، مەمۇرىي جەھەتتىن 81 ۋىلايەتكە ئايرىلغان. (1- ۋە 2-رەسىمگە قاراڭ) تۈركىيە يېرىم قۇرغاق ئىقلىمغا ئىگە بولۇپ شىمالدا ھۆل يېغىن كۆپ بولغان قارا دېڭىز ئىقلىمى، جەنۇبتا يازدا قۇرغاق ۋە ئىسسىق، قىشتا مۆتىدىل، ھۆل يېغىنلىق ئاق دېڭىز ئىقلىمى بار. شەرقىي جەنۇب رايونلىرىدا ھۆل يېغىن ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئىچكى ۋە شەرقىي ئانادولۇ رايونلىرىدا قىش ئۇزۇن ۋە سوغۇق، تېمپېراتۇر ناھايىتى ئېگىز پەس بولۇپ تۇرىدۇ. جۇغراپىيىلىك رايونلار تەبىئەت، ئادەم كۈچى ۋە ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكلىرى كۆزدە تۇتۇلۇپ ئايرىلغان. بۇ رايونلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش، تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىققا ئوخشاش ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە جۇغراپىيىلىك قۇرۇلما، تەبىئەت ۋە ئىقلىم شەرتلىرى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىش مەزگىلى ئۇزۇن، تاغلىق، ئېگىز - پەس رايونلاردا چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللىمەكتە. تېرىقچىلىق ۋە سانائەتلىششىشتە ئارقىدا قالماقتا. سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى ئاساسەن تۈركىيەنىڭ قاتناش قولاي، بازارغا يېقىن، سۈپەتلىك ئەمگەك كۈچى بار بولغان غەربىي ۋە ئىچكى رايونلىرىغا جايلاشقان. ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ مەلۇم رايونغا يىغىلىپ قېلىشى، مائارىپ ۋە سەھىيە شارائىتلىرىنىڭ ناچارلىقى، قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى يېزىلاردىن شەھەرگە، بەزى ئارقىدا قالغان رايونلاردىن تەرەققىي قىلغان رايونلارغا نوپۇسنىڭ كۆچۈشىنى تېزلەشتۈرمەكتە.[3]

## تۈركىيە رايون خەرىتىسى*




*) 1-رەسىم، مەنبە: TÜİK
*) 2-رەسىم، مەنبە: TÜİK

## نوپۇس ۋە ئەمگەك كۈچى

نوپۇس مەلۇم زاماندا چېگرالىرى بېكىتىلگەن بىر رايوننىڭ ئىچىدە ياشىغان ئادەم سانىنى كۆرسىتىدۇ.[4]

بىر دۆلەتنىڭ نوپۇس سانى ئۇ دۆلەتنىڭ ئەمگەك كۈچىنى، ئەسكەر سانىنى ۋە ئومۇمىي ئىستېمال ھەجمىنى بېكىتىدۇ. شۇڭلاشقا نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە ياكى ئازلىشى دۆلەتنىڭ مىللىي دارامەت، تېخنىكا تەرەققىياتى، ئۆي - ماكانغا بولغان ئېھتىياجى، تەبىئىي بايلىقلار، دۆلەت چىقىمى، شەھەرلىشىش، نوپۇس كۆچۈشلىرىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ نوپۇسىنىڭ ناھايىتى تېز كۆپىيىشى مەركىزى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە. چۈنكى نوپۇسنىڭ ناھايىتى تېز كۆپىيىشى بىلەن دۆلەتنىڭ چەكلىك بولغان بىر قىسىم بايلىقلىرى بۇ نوپۇس ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ. يەنى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە ساغلاملىق خىزمەتلىرىگە خەجلىنىدىغان پاي ئېشىپ، مۇھىم بولغان بەزى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىغا سېلىنىدىغان مەبلەغلەرنى تارتىپ كېتىدۇ. دۆلەتتە بايلىقلارنى ئادىل تەقسىملەش پرىنسىپى يولغا قويۇلۇپ ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆپ سانلىقنى سۈمۈرۈشىنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى سەلبىي تەسىرگە ئۇچراپلا قالماستىن دۆلەتتە ئومۇمىي خەلقنى كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدە سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. دۆلەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇقرالارنىڭ مائارىپ، ساغلاملىق، ئوزۇقلىنىش، تۇرالغۇ جايغا ئوخشاش پۇقرالارنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجلىرى بولغان ساھەلەرگە مەبلەغ سېلىشى شەرت. چۈنكى ئادەم بايلىقى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئەڭ ئاساسلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ. دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن سۈپەتلىك ئادەم بايلىقى يېتىشتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدىن دۆلەتنىڭ چەكلىك بايلىقلىرى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە نوپۇسىنىڭ ئارىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئاز بولۇشىمۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەلىرىنى ئېچىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئادەم بايلىقى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم ئامىلدۇر.

تۈركىيەدە تۇنجى نوپۇس ئېنىقلاش خىزمىتى ئوسمانىيە خەلىپىلىكى دەۋرىدىكى 2-مەھمۇد زامانىدا (1830-1831) ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ ئاساسلىق مەقسەت دۆلەتنىڭ قانچىلىك ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى ۋە قانچىلىك باج مەنبەلىرى بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئىدى. ئوسمانىيە خەلىپىلىكىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نوپۇس ئېنىقلاش 1907-1903 يىللار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ شۇ چاغدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 20800000 (يىگىرمە مىليون سەككىز يۈز مىڭ) ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ چىقىلغان. 1923-يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ تۇنجى نوپۇس ئېنىقلاش خىزمىتىدە تۈركىيەنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 13700000 (ئون ئۈچ مىليون يەتتە يۈز مىڭ) ئىدى. 1935-يىلدىن 1990-يىلغىچە ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم نوپۇس ئېنىقلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. 2006-يىلدىن ئېتىبارەن تۈركىيەدە ئادرېسقا ئاساسەن نوپۇس تىزىملاش سىستېمىسى (ADNKS) ئارقىلىق نوپۇس ئېنىقلاش خىزمىتى يولغا قويۇلدى.[5]

### تۈركىيە ئومۇمىي نوپۇس كۆرسەتكۈچى*

| نوپۇس زىچلىقى | يىللىق نوپۇس كۆپىيىش سۈرئىتى | ياش گۇرۇپپىلىرىغا ئاساسەن نوپۇس تەقسىماتى (%) | | | ئولتۇراقلىشىش رايونىغا ئاساسەن نوپۇس تەقسىماتى (%) | | جىنس ئايرىمىسىغا ئاساسەن نوپۇس تەقسىماتى (%) | | نوپۇس | يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 65+ | 15 ـ 64 | 0 ـ 14 | يېزا | شەھەر | ئايال | ئەر | | |
| 18 | - | | | | 75.8 | 24.2 | 51.9 | 48.1 | 13.648 | 1927 |
| 21 | 21.1 | 3.9 | 54.4 | 41.2 | 76.5 | 23.5 | 50.9 | 49.1 | 16.158 | 1935 |
| 23 | 17.0 | 3.5 | 54.3 | 42.1 | 75.6 | 24.4 | 50.1 | 49.9 | 17.821 | 1940 |
| 27 | 21.7 | 3.3 | 58.3 | 38.4 | 75.0 | 25.0 | 49.7 | 50.3 | 20.947 | 1950 |
| 36 | 28.5 | 3.5 | 55.1 | 41.2 | 68.1 | 31.9 | 49.0 | 51.0 | 27.755 | 1960 |
| 46 | 25.2 | 4.4 | 53.8 | 41.8 | 61.4 | 38.6 | 49.4 | 50.6 | 35.605 | 1970 |
| 58 | 20.7 | 4.7 | 55.9 | 39.0 | 50.8 | 49.2 | 49.3 | 50.7 | 44.737 | 1980 |
| 73 | 21.7 | 4.3 | 60.7 | 35.0 | 41.0 | 59.0 | 49.3 | 50.7 | 56.473 | 1990 |
| 88 | 18.3 | 5.7 | 64.5 | 29.8 | 35.1 | 64.9 | 49.3 | 50.7 | 67.804 | 2000 |
| 92 | - | 7.1 | 66.5 | 26.4 | 29.5 | 70.5 | 49.9 | 50.1 | 70.586 | 2007 |
| 96 | 15.9 | 7.2 | 67.2 | 25.6 | 23.8 | 76.2 | 49.8 | 50.2 | 73.723 | 2010 |
| 102 | 13.4 | 8.2 | 67.8 | 24.0 | 7.9 | 92.1 | 49.8 | 50.2 | 78.741 | 2015 |
| 104 | 13.5 | 8.3 | 68.0 | 23.7 | 7.7 | 92.3 | 49.8 | 50.2 | 79.815 | 2016 |
| 105 | 12.4 | 8.5 | 67.9 | 23.6 | 7.5 | 92.5 | 49.8 | 50.2 | 80.811 | 2017 |

## نوپۇس ۋە مائارىپ

بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى بېكىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل مائارىپتۇر.

ئوقۇ - ئوقۇتۇش (مائارىپ) ئارقىلىق ئەمگەك كۈچىنىڭ سۈپەتلىك ھالغا كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى ۋە شۇنداقلا

*) 3-رەسىم، مەنبە: TÜİK

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆلەتنىڭ ئادەم بايلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئەمگەك كۈچىگە ئىگە كىشىلەر قانچىلىك سۈپەتلىك مائارىپتىن بەھرىمەن بولسا، ئەمگەك كۈچىنىڭ سۈپىتى شۇ قەدەر ئاشىدۇ. دۇنيانىڭ نۇرغۇن دۆلەتلىرىدە كىشىلەر قانچىلىك يۇقىرى مائارىپ كۆرسە، شۇنچىلىك ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى ۋە يۇقىرى كىرىم مەنبەسىگە ئېرىشىۋاتقانلىقى ئىسپاتلانماقتا. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن كىشىلەرنىڭ كىرىمى 24%، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ 47%، ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنىڭ بولسا 89% ئاشماقتا ئىكەن.[6]

تۈركىيەنىڭ 1927-يىلى قىلىنغان بىر ستاتىستىكىدا ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 90% ئىدى. پەقەت 10% نوپۇس ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلەتتى. 2017-يىلى قىلىنغان ئەڭ يېڭى ستاتىستىكىغا ئاساسەن ئوقۇش - يېزىشنى بىلگەنلەرنىڭ سانى 97% كۆتۈرۈلدى. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، تۈركىيەدە تېخىچە 2.3 مىليون ئىنسان ئوقۇش - يېزىشنى بىلمەيدۇ. بۇنىڭغا پاراللېل تۈركىيەدە 13% (10.340.326) نوپۇس باكلاۋۇرلۇقتىن ئۈستۈن مائارىپ سەۋىيىسىگە ئىگە. (4-رەسىمگە قاراڭ) تۈركىيەدە باشقا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە قارىغان نوپۇس كۆپىيىشى تېز بولۇپ بۇ مائارىپ ساھەسىدە يېڭى دەرسلىك، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى - خادىم، ئوقۇ - ئوقۇتۇش، ماتېرىيال ئېھتىياجىنى تۇغدۇرماقتا. (بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىقتىدارلىق ۋە ئۆز كەسپىدە ئۇتتۇق قازانغان كىشىلەر ئۈچۈن بۇ ساھەدە پۇرسەت بار.)

### جىنسىي ئايرىمىسىغا ئاساسەن مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە نوپۇس كۆرسەتكۈچى*

| مەدەنىيەت سەۋىيەسى | ئايال | ئەر | جەمئىي كىشى |
|---|---|---|---|
| ئوقۇش - يېزىشنى بىلمىگەنلەر | 1.977.313 | 359.534 | 2.336.847 |
| ئوقۇش - يېزىشنى بىلىدىغان مەكتەپتە ئوقۇمىغانلار | 4.602.942 | 3.307.584 | 7.910.526 |
| يەسلى پۈتتۈرگەنلەر | 11.372.844 | 9.251.606 | 20.624.450 |
| باشلانغۇچ | 3.659.644 | 5.032.195 | 8.691.859 |
| ئوتتۇرا مەكتەپ | 3.406.078 | 4.339.831 | 7.745.909 |
| ئۇنىۋېرسىتېت | 6.043.864 | 7.921.816 | 13.965.683 |
| ماگىستىر | 4.231.958 | 5.014.120 | 9.246.078 |
| دوكتور | 386.985 | 503.452 | 890.437 |
| مەجھۇل | 82.561 | 121.250 | 203.811 |
| ئومۇمىي نوپۇس سانى | 291.936 | 280.85 | 572.521 |

## ئەمگەك كۈچى ۋە ئەمگەك كۈچىنى سەرپ قىلىش

ئەمگەك كۈچى بىر دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە قېتىلغان نوپۇس سانىنى بىلدۈرىدۇ.[7]

ئەمگەك كۈچى ئادەتتە 15 ياش بىلەن 65 ياش ئارىسىدىكى نوپۇسنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ «ئاكتىپ نوپۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەمگەك كۈچىنى سەرپ قىلىش ۋەياكى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەنلىك ئىشلەش نىيىتى ۋە ئىقتىدارى بولغان كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشىدۇر. بۇ ئىزاھاتلاردىن كۆرەلەيمىزكى: بىر دۆلەتتە نوپۇسنىڭ ھەممىسى ئەمگەك كۈچى بولالمايدۇ. چۈنكى ئەمگەك كۈچىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشمايدىغان بولۇپ دۆلەتتە ھېچ ئىشلىمەيدىغان، مەسىلەن: ئائىلە ئاياللىرىغا ئوخشاش؛ ئىش تاپالمىغان، مەسىلەن: ئىشسىزلارغا ئوخشاش ۋە ياكى ئىشلىيەلمىگەن، مەسىلەن: كېسەل، مېيىپ، كىچىك بالىلارغا ئوخشاش ئادەملەر بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىلەلەيمىزكى، بىر دۆلەتنىڭ ئەمگەك كۈچى ئىشلىتىلگەنلەر بىلەن ئىشسىزلارنىڭ جەمئىي سانىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمگەك كۈچى بىر دۆلەتنىڭ تەقدىم قىلىدىغان خىزمەت ھەجمىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بىر دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە قېتىلالايدىغان ئادەملەر ئۇ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئەمەس بەلكى ئاكتىپ نوپۇسنىڭ مىقدارى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

## ئىشسىزلىق

ئىشسىزلىق ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگىچە تۈركىيە ئىقتىسادىدا ئەڭ باش ئاغرىتقان ۋە ئاغرىتىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. 1980-يىلدىن ئېتىبارەن تۈركىيەدە ئىشسىزلىق نىسبىتى 6.5% ئاستىغا چۈشۈپ باقمىدى. تۈركىيەدە ئىشلەپچىقىرىش يىلدىن - يىلغا چوڭىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە مەۋجۇت بار بولغان ئەمگەك كۈچى سۈپىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىشى سەۋەبىدىن ئىشسىزلىق نىسبىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. 2008-يىلى دۇنيادا يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي كىرىزىس ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ 2009-يىلى تۈركىيەدە ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ كىچىكلىشى سەۋەبى بىلەن ئىشسىزلىق نىسبىتى 14%كە ئۇلاشقان

*) 4-رەسىم، مەنبە: TÜİK

ئىدى.[8] يېقىنقى 17 يىلدىن بۇيان ئەڭ تۆۋەن ئىشسىزلىق نىسبىتى 2012 يىلى 8.2% بولغان. ئەمما ياشلارنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى داۋاملىق يۇقىرى بولۇپ 21%-18% ئارىسىدا داۋام قىلماقتا. 2018-يىلى تۈركىيەدە 3.7 مىليون ئادەمنىڭ ئىشسىز ئىكەنلىكى ئېلان قىلىنغان. (5-رەسىمگە قاراڭ) بۇ يەردە بىلىشىمىزگە تېگىشلىك بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ ئىشسىزلىق دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئىقتىدارى بار تۇرۇپ، ئىش تاپالمىغانلارنىڭ نىسبىتىنى كۆرسىتىدۇ.[9] مەسىلەن بىر دۆلەتتە 10% ئىشسىزلىق مەيدانغا كەلسە ۋە بۇ دۆلەتنىڭ 100مىليون نوپۇسى بولسا «ئىشسىز سانى 10 مىليون ئىكەن» دەپ قارىۋالساق خاتالاشقان بولىمىز. تۈركىيەدە ئىش كۈچىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، چارۋىچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت قاتارلىق ساھەلەردە ئىشلىتىلىشى يىلدىن - يىلغا ئۆزگىرىۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا يېزا ئىگىلىكىدە قوللىنىۋاتقان ئەمگەك كۈچى يۇقىرى سەۋىيەدە تۇرىۋاتىدۇ.

بۇ 17 يىلدا تۈركىيەدىكى يېزا ئىگىلىكىدە سەرپ قىلىنغان ئەمگەك كۈچى 36% تىن 19.4%كە چۈشكەن بولسىمۇ، تېخىچە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە قارىغاندا ئەمگەك كۈچىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىشى خېلىلا يۇقىرى ئورۇندا تۇرماقتا.[10]

### ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆرسەتكۈچى*

| ياشلارنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى | ئىشسىزلىق نىسبىتى | ئىشسىز كىشى | ئەمگەك كۈچىگە قېتىلىش نىسبىتى | ئىشقا ئورۇنلىشىش | ئەمگەك كۈچى | 15 ياش ۋە ئۈستىدىكىلەرنىڭ نوپۇسى | يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| .. | 8.6 | 1.342 | 60.6 | 14.267 | 15.609 | 25.612 | 1980 |
| .. | 8.5 | 1.575 | 54.5 | 16.845 | 18.417 | 33.812 | 2000 |
| .. | 6.5 | 1.497 | 49.9 | 21.581 | 23.078 | 46.211 | 1990 |
| 17.5 | 9.5 | 2.058 | 44.9 | 19.633 | 21.691 | 48.356 | 2005 |
| 19.9 | 11.1 | 2.737 | 46.5 | 21.858 | 24.594 | 52.904 | 2010 |
| 18.6 | 10.3 | 3.057 | 51.3 | 26.621 | 29.678 | 57.854 | 2015 |
| 19.6 | 10.9 | 3.330 | 52.0 | 27.205 | 30.535 | 58.720 | 2016 |
| 20.8 | 10.9 | 3.454 | 52.8 | 28.189 | 31.643 | 59.894 | 2017 |
| 20.8 | 11.1 | 3.670 | 54.3 | 29.318 | 32.989 | .. | 2018 |

### دۇنيا ئىقتىسادىدا تۈركىيەنىڭ ئورنى

خەلقئارالىق پۇل فوندىنىڭ 2017-يىلدىكى دوكلاتىدا تۈركىيە مىللىي دارامىتى جەھەتتىن دۇنيانىڭ 17-چوڭ ئىقتىسادى بولۇپ، مىللىي دارامەتنىڭ قىممىتى 851.5 مىليارد دوللارغا يەتكەن.[11] 2018-يىلدىكى دوكلاتتا 18-ئورۇندا تۇرغان. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەت قىممىتى نۇپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە تۈرك لىراسىنىڭ تۇراقسىزلىقى سەۋەبلىك ئوتتۇرا سەۋىيەلەردە يەر ئالىدۇ.

### كىشىلىك تەرەققىيات

كىشىلىك تەرەققىيات: 1980-يىللاردىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ پەقەتلا كىرىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش بىلەن گۈللىنىشنى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. گۈللىنىش ئىقتىسادىي نۇقتىدىنلا بولماستىن كىشىلىك تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي نۇقتىلاردىنمۇ بولىدىغانلىقى چۈشىنىپ يېتىلدى. چۈنكى سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىقتىسادىي گۈللىنىشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىپ دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ئىقتىساد بىلەن ئۆلچەنەتتى. ئەپسۇسكى، ئەمەلىيەت بۇنىڭ توغرا بولمىغان بىر كۆزقاراش ئىكەنلىكىنى، پەقەت بايلىق ئارقىلىقلا ھەققىي سائادەتكە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر گۈللىنىش پىلانى تەشكىلاتى (UNDP) نىڭ 1990-يىلىدىن ھازىرغا قەدەر ھەر يىلى يىللىق كىشىلىك تەرەققىيات دوكلاتىدا كىشىلىك تەرەققىيات ئىندېكسى(IGE) ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ دوكلات ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك تەرەققىيات سەۋىيىسى، پۇقرالىرىنىڭ ساغلام ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى، مائارىپ ۋە كىرىم سەۋىيىسىگە ئاساسەن باھالىنىدۇ.[12]

كىشىلىك تەرەققىيات تۆۋەندىكىدەك تۆت سەۋىيىگە ئايرىلىدۇ:

ئەڭ ئالىي كىشىلىك تەرەققىيات سەۋىيىسى

ئالىي كىشىلىك تەرەققىيات سەۋىيىسى

ئوتتۇرا كىشىلىك تەرەققىيات سەۋىيىسى

تۆۋەن كىشىلىك تەرەققىيات سەۋىيىسى

بۇ تەشكىلاتنىڭ 2017-يىلدىكى ئېلان قىلغان دوكلاتىغا ئاساسەن تۈركىيە 178 دۆلەتنىڭ ئىچىدە 64-ئورۇنغا تىزىلىپ ئالىي كىشىلىك تەرەققىيات سەۋىيىسىدە تۇرغان. 2019-يىلدىكى دوكلاتتا 59-ئورۇنغا ئۆرلەپ ئەڭ ئالىي كىشىلىك تەرەققىيات

*) 5-رەسىم، مەنبە: TÜİK

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەۋىيىسىگە چىققان.[13]

## يەرشارى رىقابەت ئىندېكسى

رىقابەت كۈچى ئەركىن سودا بازىرىدىكى شەرتلەرگە ئاساسەن بىر دۆلەتنىڭ مىللىي دارامىتىنى كۆپەيتىش بىلەن بىرگە، باشقا دۆلەتنىڭ مەھسۇلات ۋە خىزمەت ئىشلەپچىقىرىش رىقابىتىگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.[14]

بىر دۆلەتنىڭ مىللىي قىممەت قاراشلىرى (ئېتىقاد، ئەخلاققا ئوخشاش)، كۇلتۇرى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى، تارىخىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر رىقابەت كۈچىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللاردۇر. شۇڭا بىر دۆلەت رىقابەت كۈچىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسىدە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

يەر شارى رىقابەت ئىندېكسى ھېسابلانغاندا دۆلەتنىڭ ئورگانلىرى، ئۇل ئەسلىھەلىرى، ماكرو ئىقتىسادى، سەھىيە ۋە ئاساسىي مائارىپ خىزمىتى ئەڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا بولۇپ، بىر دۆلەت رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ ساھەلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم.

2018-يىلى دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرىنىڭ ئېلان قىلغان يەر شارى رىقابەت ئىندېكس تەرتىپىدە 140 ئىقتىسادىي گەۋدە ئارىسىدا 61-ئورۇندا تۇرغان ۋە يەر شارى رىقابەت ئىندېكسىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئاشقان.[15]دوكلاتقا ئاساسەن تۈركىيە ئۇل ئەسلىھە، سەھىيە ۋە يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتىكى ئىقتىسادىي سىستېمىدا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى بېكىتىپ، باھالايدىغان خەلقئارالىق ئورگانلاردىن ئېلان قىلىنىدىغان دوكلات ۋە كۆرسەتكۈچلەرمۇ بار. مەسىلەن، خەلقئارالىق چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان ئىندېكستە تۈركىيە 22-ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئىندېكسنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئامېرىكا، كانادا ۋە گېرمانىيە كېلىدۇ. دۇنيا ئىقتىسادىي ئەركىنلىك ئىندېكسىدە تۈركىيە 168 دۆلەت ئارىسىدا 86-ئورۇندا قالغان بولۇپ، ئەڭ باشتا خوڭكوڭ، سىنگاپور، يېڭى زېلاندىيە كېلىدۇ.[16]

كۆرگىنىمىزدەك، تۈركىيە ھازىر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە خېلى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. تۈركىيە جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبلىك تىجارەت ئۈچۈن ناھايىتى ئەۋزەل شارائىتلارغا ئىگە. تۈركىيەنىڭ تېز كۆپىيىۋاتقان نوپۇسى نۇرغۇن ساھەلەردە مەبلەغ سېلىش ئىمكانىيىتىنى تەمىنلەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھەرقايسى ساھەلەردە سۈپەتلىك ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياج ئاشماقتا. ئەمما تۈركىيەدىكى ئىشسىزلىق مەسىلىسى، ئېنېرگىيە بايلىقلىرىنىڭ كەمچىل بولۇپ سىرتقا بېقىنىپ قېلىشى، پۇل پاخاللىقى قاتارلىق مەسىلىلەر تۈركىيەنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۈگۈن بىز تۈركىيەدە پۇت دەسسەپ تۇرماقچى ۋە ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولساق، چوقۇم ئۆزىمىزنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى بۈگۈن پۇل تېپىشلا ئەمەس، تاماق يېيىش، ئويناش، پۇل خەجلەش ۋە دەم ئېلىش قاتارلىقلارمۇ بىلىمگە ناھايىتى زىچ باغلىنىشلىق بىر ئەھۋالغا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى جەھەتلەردە ھەر كۈن يېڭىلىنىپ تۇرىۋاتقان بىلىملەرنى قوبۇل قىلىپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز، ئەنئەنىۋىي تىجارەت قىلىش ئۇسۇلۇبلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئېلىپ - سېتىشقا ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىپ سېتىشقا يۈزلىنىشىمىز لازىم.

## مەنبەلەر:

1,2-Çatalbaş, N. “Türkiye ekonomisinin temel özellikleri ve dünya ekonomisindeki yeri” (Ed.Metin toprak ve Nâzım Çatalbaş ),Türkiye Ekonomisi ,Anadolu üniversitesi yayını, Eskişehir 2019, s.3

3-Halis Başel “TÜRKiYE’DE NÜFUS HAREKETLERN VE İÇ GÖÇÜN NEDENLER” Sosyal Siyaset Konferansları Dergisi, 515-542, 2007

4-Levent Aksu “Dünya’da ve Türkiye’de Nüfus Analizleri”




İstanbul Üniversitesi Sosyoloji Konferansları Dergisi, sayı 25, s. 219-311, 1998

5-Çatalbaş, N. "Türkiye ekonomisinin temel özellikleri ve dünya ekonomisindeki yeri" (Ed.Metin toprak ve Nâzım Çatalbaş) , Türkiye Ekonomisi ,Anadolu üniversitesi yayını, Eskişehir 2019, s.6

6-Nazım Öztürk "İktisadi kalkınmada Eğitimin rolü" Soyoekonomi dergisi 2005

7-https://www.iktisatsozlugu.com/tr/nedir/isgu-cu/2450

8-Ferhat ŞENTÜRK "TÜRKİYE'DE İŞGÜCÜ PİYASASI ve İS-TİHDAMIN YAPISI"

9-Bülent Günsoy.(Ed) (2020) iktisada giriş2, Eskişehir, Anadolu üniversitesi

10-Çatalbaş, N. "Türkiye ekonomisinin temel özellikleri ve dünya ekonomisindeki yeri" (Ed.Metin toprak ve Nâzım Çatalbaş ),Türkiye Ekonomisi, Anadolu üniversitesi yayını, Eskişehir 2019, s.11. https://www.aa.com.tr/tr/ekonomi/issizlik-rakamlari-aciklandi/1772668

11-Bülent Günsoy.(Ed) (2020) iktisada giriş2,

Eskişehir, Anadolu üniversitesi. Çatalbaş, N. "Türkiye ekonomisinin temel özellikleri ve dünya ekonomisindeki yeri" (Ed.Metin toprak ve Nâzım Çatalbaş ),Türkiye Ekonomisi, Anadolu üniversitesi yayını, Eskişehir 2019, s.20 (IMF)

12-Ayşegül Zor "İnsani Gelişme Endeksi ve Türkiye" IBAD Sosyal Bilimler Dergisi ,sayı :7 , sayfa : 38-52

13-Ayşegül Zor "İnsani Gelişme Endeksi ve Türkiye" IBAD Sosyal Bilimler Dergisi ,sayı :7 , sayfa : 38-52, UNDP,2019

14-Serap OVALI "KÜRESEL REKABET GÜCÜ AÇISINDAN TÜRKİYE'NİN KONUMU ÜZERİNE BİR DEĞERLENDİRME" s.2

15, 16-Çatalbaş, N. "Türkiye ekonomisinin temel özellikleri ve dünya ekonomisindeki yeri" (Ed.Metin toprak ve Nâzım Çatalbaş), Türkiye Ekonomisi ,Anadolu üniversitesi yayını, Eskişehir 2019, s.21

www.uyghurkitap.com



ئىسلام ئىلىملىرى تارىخىغا بېغىشلانغان بىر ئۆمۈر

# پروفېسسور دوكتور فۇئات سەزگىن

بەرنا ئۆزتۈرك
ساقلىق بىلىملىرى ئۇنىۋېرسىتېتى
ئۇزۇقلۇقشۇناسلىق كەسپى ئوقۇغۇچىسى

ئىسلام ئىلىملىرى تارىخى ساھەسىدە دۇنياۋى مەشھۇر ئالىم پروفېسسور دوكتور مەھمەت فۇئات سەزگىن، 1924-يىلى 10-ئاينىڭ 24-كۈنى دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، بەش قېرىنداشنىڭ ئۈچىنچىسى ئىدى. دادىسى مەھمەت مىرزا ئەپەندى 1888-يىلى شىئىراتتا، ئانىسى جەمىلە خانىم 1897-يىلى بىتلىستە تۇغۇلغان. فۇئات سەزگىن باشلانغۇچ مەكتەپنى شەرقىي بايازىتتا، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن ياتاقتا يېتىپ ئەرزۇرۇمدا ئوقۇيدۇ. 1942-يىلى ئەرزۇرۇمدا تولۇق ئوتتۇرىنى تەبىئىي پەن بويىچە ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرىدۇ.

1943-يىلى ماتېماتىكا ئوقۇپ ئىنژېنېر بولۇش ئارزۇسى بىلەن ئىستانبۇلغا كېلىدۇ. بىر يېقىنىنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا بۇ ساھەدىكى ئەڭ داڭلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرى بولغان ۋە ئەرەبچىنى پۇختا بىلىدىغان نېمىس شەرقشۇناس ھېللمۇت رىتتەرنىڭ بىر مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. بۇ ئالىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۇيۇشتۇرغان مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەسىرىدە دىققىتىنى شەرقشۇناسلىققا ئاغدۇرىدۇ. ئىنژېنېر بولۇش ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپ، ھېللمۇتنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇشنى قارار قىلىدۇ. سەزگىننىڭ بۇ كەسكىن قارارىدىن ئۇستازىنىڭ تەلەپچانلىقىمۇ، بۇ ساھەنىڭ قىيىنلىقىمۇ ۋاز كەچتۈرەلمەيدۇ. تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ۋاقتىنى چەك تۇتۇپ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا بېرىپ، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئەرەب ۋە پارس فىلولوگىيە بۆلۈمىدە تولۇق كۇرس دەرسىنى ئېلىشقا باشلايدۇ. بۇ ئەسنادا چەتئەل تىلى ئالاھىدە ئىمتىھانىغا تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئۆگەنگەن فرانسۇزچىدىن قاتنىشىپ كەچۈرۈمگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇستازى ھېللمۇت رىتتەرنىڭ ماتېماتىكىنى تاشلىۋەتمەسلىك توغرىسىدىكى تەۋسىيەسىگە ئاساسەن، تەبىئىي پەن فاكۇلتېتىدا ماتېماتىكا بۆلۈمىدىن دەرس ئالىدۇ. رىتتەرنىڭ مۇسۇلمانلاردىن چىققان بۈيۈك ماتېماتىكلار ۋە ئالىملارنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بېرىشى

بىلەن بىلىم تارىخى ساھەسىدە ئىشلەشنى قارار قىلىدۇ. تۈركىيە گەرچە 2-دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشمىغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇ ئۇرۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. 1943-يىلى گېرمانىيەنىڭ بۇلغارىيەگىچە ئىلگىرىلىشى نەتىجىسىدە، تۈركىيەنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت مائارىپى ۋاقتىنچە توختىتىلىدۇ. بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن رىتتەرنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئەرەبچە ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. ئىسلام ئالىمى جەرىر تەبرىينىڭ قۇرئان كەرىم تەپسىرى «تەپسىر ئەتتەبەرىي»نى ئوقۇشقا باشلايدۇ ۋە بۇنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابلار بىلەن سېلىشتۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. قىيىن بىر تىل بىلەن يېزىلغان تەپسىرنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بۇ جەرياندا داۋاملىق ئەرەب تىلى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئالتە ئايدىن كېيىن تەبەرىي تەپسىرىنىڭ ئەرەبچىسىنى بىمالال ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان سەۋىيەگە يېتىدۇ. شۇ يىلى كۈز پەسلىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمە يىغىنىدا ھېللمۇت رىتتەر ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەبۇ ھامىد غەززالىينىڭ «ئىھيا ئۇلۇمىددىن» ناملىق كىتابىنى ئۇنىڭ ئوقۇپ بېقىشى ئۈچۈن بەرگىنىدە، ئوقۇغۇچىسىنىڭ نەتىجىسىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولىدۇ. رىتتەر تىل ئۆگىنىشتە ئالاھىدە تالانت ئىگىسى بولغان فۇئات سەزگىنىنىڭ بەش تىلنى بىرلا ۋاقىتتا باشلاپ، ھەر يىلى يېڭى بىر تىل ئۆگىنىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. فۇئات سەزگىنىنىڭ ئەرەبچە، سۇرىيانچە، ئىبرانىيچە، لاتىنچە، نېمىسچە، رۇسچە قاتارلىق 27 خىل تىل بىلىدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ، ئۆزى بۇ ھەقتە سورالغان بىر سوئالغا:

-«ياق، مۇبالىغە قىلىۋېتىپتۇ، بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن ئىلىم تارىخىدىكى بىر تالاي قەدىمكى تىللاردىن خەۋەردار بولۇشقا ، ياۋروپا ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ، زۆرۈر بولغاندا دەرھال بىر تىلنى ئۆگىنىشكە تىرىشىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئۇ يەنە:

-«نۇرغۇن تىل ئۆگەنگەن ئىنسانلار ئومۇمەن فىلولوگلار. مېنىڭ ئۇستازىم ھېللمۇت رىتتەرمۇ بىر فىلولوگ بولۇپ 32خىل تىل ئۆگەنگەن ئىدى. مەنمۇ بىر فىلولوگ ھېسابلىنىمەن، لېكىن ئۇلار تىلنى تىل سۈپىتىدە ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆگەنگەن، مەن تىلنى بىلىم تارىخىدىكى بىر ۋاستە سۈپىتىدە ئۆگىنىمەن. مەن ئۇلاردەك ھوسۇل بېرەلمەيمەن» دېگەن سۆزلىرى بىلەن تىلنى بىر قورال سۈپىتىدە ئۆگەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

فۇئات سەزگىن 1945-يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ 3-يىلىغا چىققان مەزگىلدە ئەرەب فىلولوگىيەسىدىن ئىلمىي ماقالە بىلەن قەدىمكى تۈرك ئەدەبىياتى، يېڭى زامان تۈرك ئەدەبىياتى ۋە فرانسۇز ئەدەبىياتىدىن ئىلمىي ماقالىسىز دىپلوم ئېلىش ئۈچۈن ئىختىيارى تولۇق كۇرسقا ئىلتىماس قىلىدۇ. ھېللمۇت رىتتەر فۇئات سەزگىنىنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىدىكى غەيرىتىنى ۋە ئۆزىگە بولغان باغلىنىشىنى كۆرۈپ يېتىپ خىزمەتلىرىدە ئۇنى يېنىغا ئالىدۇ. سەزگىن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئۇستازى رىتتەر ۋە ئۇنىڭ خىزمەتلىرى توغرىسىدا شۇنداق دەيدۇ:

-«رىتتەر ئىستانبۇل كۇتۇپخانىلىرىدىن باشلاپ تۈركىيەدىكى پۈتۈن يازمىلارنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان كىشى ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئاستا-ئاستا كىتابلارنى، يازغۇچىلارنى تونۇشقا باشلىدىم. ھېچبىر نەرسىنى ئۇنتۇمايتتىم، ئېيتقان ھەر بىر سۆزىنى خاتىرەمدە تۇتۇۋالاتتىم. ئاسان ئەمەس، بىر ئادەم سىزگە نەچچە نەسىلدىن ئالغان جۇغلانمىسىنى، ئۆگەنگەن ھەممە بىلىمىنى بېغىشلايدۇ، تاپشۇرىدۇ. بۇلارنى باشقا يەردىن تاپالمايسىز، ھېچبىر كىتابتىن ئوقۇيالمايسىز. بۇ ئاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېيتقان ھەربىر سۆزىنى ئەقلىمدە تۇتۇشقا تىرىشاتتىم.»

سەزگىن ۋە رىتتەر سۇلايمانىيە ۋە ئاياسوفيا كۇتۇپخانىلىرىدا تېپىلغان ئىسلام ئىلىملىرى تارىخى ساھەسىدىكى يازما ۋە تەتقىقاتلارنى تەھلىل قىلىپ، بىرلىكتە نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. فۇئات سەزگىن بۇ مەزگىلدە مەنبە سۈپىتىدە قوللىنىش ئۈچۈن ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئالىملارنىڭ ھاياتىنى ۋە ئىش - ئىزلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە بۇ تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە ئىسلام ئىلىملىرى تارىخىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تېخىمۇ ياخشى دەلىللەش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. رىتتەر

www.uyghurkitap.com

بىر مەزگىل دەرس ئالغان كارل بروكەلماننىڭ بۇ ساھەدە يېزىلغان «ئەرەب ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ ئەسەرنىڭ بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنى بايقايدۇ ۋە تۈزىتىلىشى كېرەك دېگەن چۈشەنچىگە كېلىدۇ. 1944-يىلى بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىش مەقسىتىدە بىر ئىلاۋە تەييارلاشنى قارار قىلىدۇ. فۇئات سەزگىن 1947-يىلى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئەرەب ۋە پارس فىلولوگىيەسىدىن تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرۈپ دىپلوم ئالىدۇ. ئۆگەنگەن بىلىمىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە «بىلىمدىكى بەدئىيلىكنىڭ كامالىتى ۋە ئىستانبۇلدا تېپىلغان بەدئىي يازمىلار كاتالوگى » تېمىسىدىكى تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسىنى تاماملايدۇ. بۇ ئىلمىي ماقالىدە ئەدەبىياتنىڭ بىر تارمىقى بولغان گۈزەل سۆزلەش سەنئىتىنىڭ كلاسسىك ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى تەرەققىياتى سۆزلەنگەن. كېيىنكى يىلى مۇھەممەد بەھنىڭ ئىسلام پەلسەپەسى ساھەسىدىكى «ئىسلامىي چۈشەنچىنىڭ ئىلاھىي تەرپىيى» دېگەن ئەسىرىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىدۇ. سەزگىن 1947-يىلى ئۆكتەبىردە دوكتورلۇققا ئىلتىماس قىلىدۇ ۋە يەنە ئەرەب ۋە پارس فىلولوگىيە بۆلۈمىدە ئىلمىي خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى ھېللىمۇت رىتتەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەرەب تىلى ۋە تەپسىر ئىلىملىرى ئالىمى ئەبۇ ئۇبەيدە مەئمەر ئىبن مۇسەننا تەيمىينىڭ «مەجازۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى توغرىسىدا يازىدۇ. بۇ ماقالىنىڭ تېمىسى بولسا قۇرئان كەرىمدە ئەسلى مەنىسىدىن سىرت مەجازىي مەنىدە قوللىنىلغان ئىپادىلەر ھەققىدە ئىدى. فۇئات سەزگىن بۇ يىللاردا ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا مەمۇر بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا 1947-يىلى ئۆكتەبىردە دىيانەت ئىشلىرى رەئىسلىكى تەرىپىدىن ئىستانبۇل مۇپتىلىقىنىڭ مۇسەۋۋىت (كاتىپلىق) نامزاتلىقىغا، 1948-يىلى مارت ئېيىدا ئىستانبۇل سەييارە ۋەز ئېيتىش نامزاتلىقىغا تەيىنلىنىدۇ ۋە شۇ يىلىنىڭ ماي ئېيىدا مەمۇرىيەتكە رەسمىي قوبۇل قىلىنىدۇ. فۇئات سەزگىن دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى 1950-يىلى تاماملاپ تاپشۇرىدۇ.

فۇئات سەزگىن، 1950-يىلى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانا مەمۇرلىقىدىن ئايرىلىدۇ ۋە ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت فاكۇلتېتى دوگماتىك ئىلىملەر كافېدراسىنىڭ ياردەمچى نامزاتلىقىغا تەيىنلىنىپ، كافېدرانىڭ تۇنجى ياردەمچى نامزاتى بولىدۇ. سەزگىن 1951-يىلىدا زاپاس ئوفىتسېرلىق سالاھىيىتى بىلەن ئەسكەرلىككە قاتنىشىدۇ. ئەسكەرلىكتىن چېكىنگەندىن كېيىن، 1952-يىلىدا تەپسىر دەرسى ياردەمچى نامزاتلىقىغا تەيىنلىنىدۇ ۋە شۇ يىلى ياردەمچىلىك ۋەزىپىسى ماقۇللىنىدۇ. ياردەمچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش جەريانىدا دوكتورلۇقتا قولغا ئالغان «مەجازۇل قۇرئان»نى نەشر قىلىش ئىستىكى بىلەن بىر مەزگىل قاھىرەدە تۇرۇپ قالىدۇ. فۇئات سەزگىن ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىش ئۈچۈن 1953-يىلى ئەنقەرەدىكى ياردەمچىلىك ۋەزىپىسىدىن



ئىستېپا بېرىدۇ ۋە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا زەكىي ۋەلى توغان قۇرۇپ باشقۇرغان ئومۇمىي تۈرك تارىخى بۆلۈمىنىڭ ياردەمچىلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. دوكتورلۇق ئىلمىي تەتقىقاتلىرى جەريانىدا ئىمام بۇخارىينىڭ «مەجازۇل قۇرئان»دىن كۆپلىگەن مەزمۇنلارنى نەقىل قىلغانلىقىنى بايقىغان فۇئات سەزگىن:«ئۇنىڭ يازما مەنبەلەردىن پايدىلانغانلىقىنىڭ ئۆزى، بۇرۇنقى ئاكادېمىك ۋە ھەدىس ئالىملىرىنىڭ يىغىپ توپلىغانلىرىنىڭ پەقەتلا ئاغزاكى يەتكۈزۈش ئۇسۇلىغا تايانغانلىقىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىر تەرەپتىن ياردەمچىلىك ۋەزىپىسى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇخارىي توغرىسىدا ئىزدىنىشكە باشلايدۇ. ئىسلام تەتقىقات

ئىنستىتۇتى كۈتۈپخانىسىدا كەلگەن كىتابلارنى تىزىملاش ۋە مۇندەرىجىگە ئايرىش خىزمىتىنى قىلىدۇ. «ئىسلام تەتقىقات» ژۇرنىلىنىڭ بېسىلىشىغا ياردەملىشىپ ماقالە تەييارلايدۇ. فۇئات سەزگىن 1954-يىلى «بۇخارىي مەنبەلىرى ھەققىدە تەتقىقاتلار» دېگەن تونۇشتۇرۇش ماقالىسىنى پۈتتۈرىدۇ ۋە دوتسېنتلىق ئىمتىھانىنىڭ چەتئەل تىلى باسقۇچىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، دوتسېنتلىق ئۇنۋانىنى ئالىدۇ. سەزگىن دوتسېنتلىق ئىلمىي ماقالىسىنى 1956-يىلى نەشر قىلدۇرىدۇ. 1957-يىلى مەركىزى گېرمانىيەدە بولغان ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى ئالىملارغا بېرىلىدىغان «ئالېكساندىر ۋون خۇمبولىد» ۋەخپىسىنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. بۇ مۇكاپاتتىن پايدىلىنىپ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە نېمىسچىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 1957 ۋە 1958-يىللىرىدا گېرمانىيەدە تۇرۇپ قالىدۇ. 1960-يىلى تۈركىيەدە ھەربىي ئۆزگىرىش بىلەن ھاكىمىيەتكە چىققان ھۆكۈمەتنىڭ ئېلان قىلغان ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن چىقىرىۋېتىلگەن 147 ئاكادېمىكنىڭ تىزىملىكىدە ئۆزىنىڭمۇ ئىسمى بارلىقىنى كۆرگەن سەزگىن، خىزمىتىنى چەتئەلدە داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ 1961-يىلى گېرمانىيەگە كېتىدۇ. فرانكفورت ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ماربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەكلىپلىك دوتسېنت بولۇپ دەرس بېرىدۇ. ئىلمىي خىزمەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزنىنى ئەرەب - ئىسلام تەبئىي پەنلەر ساھەسى ئىگىلەيدۇ. 1965-يىلى فرانكفورت ئۇنىۋېرسىتېتى بىلىم تارىخى ئىنستىتۇتى خىمىيە بۆلۈمىدە «جابىر ئىبنى ھەييان» تېمىسىدا ئىككىنچى بىر دوتسېنتلىق خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، فۇئات سەزگىنگە «بىلىم تارىخى پىروفېسسورى» ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. فۇئات سەزگىن 1966-يىلى گېرمانىيەگە بېرىپ تۆت ئايدىن كېيىن تونۇشقان، «ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم تاسادىپىيلىق» دەپ تىلغا ئالىدىغان ئايالى شەرقشۇناس دوكتور ئۇرسۇلا سەزگىن بىلەن ئۆيلىنىدۇ. فۇئات سەزگىن ئايالىنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى ئورنىنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

-«ئۇ بولمىغان بولسا ئىشىم تەس بولاتتى. مېنىڭ ئىمانىم بار ئىدى، ئاللاھقا مۇتلەق ئىشەنچىم بار ئىدى. ئايالىمنىڭ پەزىلىتى، ماڭا بولغان ئىشەنچى ۋە مېنى قوللىشى مېنىڭ نىشانىمغا يېتىشىمدىكى مۇھىم بىر سەۋەب بولدى. كىتابىمنى يازغاندا ئايالىم يازغانلىرىمنى تەكشۈرەتتى. نېمىسچەم دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى، ئۇ تۈزىتىپ مەتبەئەگە بەرگۈدەك ھالغا ئەكېلەتتى. ئايالىم مەن ئۈچۈن بەكلا مۇھىم ئىدى!»

دېمىسىمۇ ئايالار ھاياتتا ناھايىتى چوڭ روللارنى ئوينايدۇ. 1970-يىلى ھازىر گېرمانىيەدە ژۇرنالىست ۋە يازغۇچى بولۇپ ياشاۋاتقان قىزى ھىلال سەزگىن دۇنياغا كېلىدۇ.

فۇئات سەزگىن ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا ئىلاۋە تەييارلاشنى قارار قىلغان كارل بروكەلماننىڭ «Geschichte Der Islamischen Völker Und Staaten» ناملىق ئەسىرىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ يېڭىدىن يېزىلىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ ئەرەب ئەدەبىياتى تېمىسىدىكى خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە، بىلىم تارىخى ساھەسىدە يېزىلغان ئەڭ ئەتراپلىق ئەسەر دەپ قارىلىدىغان «ئەرەب - ئىسلام بىلىملىرى تارىخى»نىڭ دەسلەپكى تومىنى 1967-يىلى نەشر قىلدۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ 17-ۋە ئاخىرقى تومى 2015-يىلى نەشر قىلىنىدۇ. ئەسەرنى تەييارلاش جەريانىدا سەزگىن ئاتمىش نەچچە دۆلەتنىڭ كۈتۈپخانىلىرىغا بېرىپ، 400 مىڭغا يېقىن يازما - ئەسەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ. سەزگىن ئەسەرنىڭ ھەر تومىنى بىر تېمىغا ئايرىيدۇ. 1-توم (1967) قۇرئان بىلىملىرى، ھەدىس، تارىخ، فىقھى، كالام، مىستىكا؛ 2-تومى (1975) شېئىر؛ 3-تومى( 1970) مېدىتسىنا، دورىگەرلىك، زوئولوگىيە، مال دوختۇرلۇقى؛ 4-تومى (1971) شىپايى ھايات تاۋلاش ھۈنىرى، خىمىيە، بوتانىكا، تىرىكچىلىق؛ 5-تومى (1974) ماتېماتىكا؛ 6-تومى (1978) ئاسترونومىيە؛ 7-تومى (1979) ئاسترونومىيە ئىلمى، مېتېئورولوگىيە ۋە مۇناسىۋەتلىك قائىدىلەر؛ 8-تومى (1982) لۇغەت؛ 9-تومى(1984) گىراماتىكا؛ 10-(2000)، 11-(2000)، 12-(2000) ۋە 13-توملىرى (2007) ماتېماتىكىلىق جۇغراپىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە خەرىتچىلىك؛ 14-تومى(2010) ۋە 15-تومىلىرى ئىنسانشۇناسلىق، شەھەر ۋە رايون جۇغراپىيىسى؛ 16-(2015) ۋە 17-(2015) توملىرىنى دىنىي ئەدىبلەر توغرىسىدا يازىدۇ. فۇئات سەزگىن ھەر تومغا مۇناسىۋەتلىك كىرىش سۆزىنى قوشىدۇ ۋە بۇ جەرياندا تەتقىق قىلغان ئالىملارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. تۇنجى تومى 2015-يىلى «پروفېسسور دوكتور فۇئات سەزگىن ئىسلام ئىلىملىرى تارىخى تەتقىقات ۋەخپە نەشرىياتى» تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ باشقا توملىرىنىڭ تەرجىمىسى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش ھەيئىتىنىڭ باشچىلىقى ۋە نازارىتىدە داۋاملاشماقتا.

كارل بروكەلماننىڭ ئەسىرىنىڭ تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن تاللانغان ئوندىن ئارتۇق ئاكادېمىكتىن تەشكىل تاپقان بىر ھەيئەت بۇ كىتابنى ئوقۇپ باھالاپ، بروكەلماننىڭ ئەسىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىنى سەزگىنگە قالدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. بۇ ئەسەر ھەم ئىسلام دۆلەتلىرىدە ھەم غەربتە فۇئات سەزگىننى ۋە ئۇنىڭ بىلىم جۇغلانمىسىنى تونۇتۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

فۇئات سەزگىن 1978-يىلى «پادىشاھ فايسال ئىسلام ئىلىملىرى» مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. سەزگىن ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ ياردەم بىلەن ئىسلام ئىلىملىرى تارىخىغا ئائىت تەتقىقات قىلىدىغان بىر ئىنستىتۇت قۇرۇشنى قارار قىلىپ، ئالدى بىلەن ئىنستىتۇتنىڭ كىرىم مەنبەسىنى ئىزچىل كونترول قىلىدىغان بىر ۋەخپە قۇرماقچى بولىدۇ. زور تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە، 1981-يىلى ۋەخپىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. 1982-يىلى فرانكفورتدىكى «JWG» ئۇنىۋېرسىتېتىغا قاراشلىق بولغان «ئەرەب - ئىسلام بىلىملىرى تارىخى» ئىنستىتۇتىنى قۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزى تەھرىرلىك قىلغان «ئەرەب - ئىسلام بىلىملىرى مەجمۇئەسى»نى چىقىرىدۇ.

فۇئات سەزگىن نەشرلىرىدە ئىسلام دۇنياسىدىكى تېخنىكىلىق ئەسۋابلارنى تونۇشتۇرىدۇ ۋە ئەسۋابلارنىڭ مودېللىرىنى ياساشقا تىرىشىدۇ. فىزىكا ئالىمى ۋە ئىلىم - پەن تارىخچىسى ئېلھارد ۋىدمان تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم ھاياتلىققا ئېرىشكەن «ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئىلمىي ئەسۋابلارنى كۆپەيتىش» پىكرى ئىنستىتۇتنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات ساھەلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنستىتۇت قۇرۇلۇشىدا بىر ئىلمىي ئەسۋابلار مۇزېيى بولغان ئىسلام - بىلىم تارىخى مۇزېيىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. سەزگىننىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ياكى ئىجاد قىلىنغان 800 ئەتراپىدىكى ئىلمىي ۋە تېخنىك ئەسۋاب كۆپەيتىپ ياسىلىپ، مۇزېيغا قويۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇ بىنادا بىر ئۆمۈر تىرىشىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئېلىپ كېلىپ بىر يەرگە جەملىگەن 45 مىڭ توم كىتابنى ۋە 10 مىڭ دانە مىكرو فىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىلىم تارىخى كۇتۇپخانىسىمۇ بىرگە تۇرماقتا. ئۇ يەنە ئىنستىتۇت مۇزېيىدىكى تېخنىك ئەسۋابلارنى تونۇشتۇرىدىغان 5 توملۇق «ئىسلامدا بىلىم ۋە تېخنىكا» ناملىق بىر كاتالوگ ئەسەر يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەر تۈركچە، ئىنگلىزچە، نېمىسچە ۋە فرانسۇزچىدىن ئىبارەت 4 خىل تىلدا نەشر قىلىنىدۇ.

ھاياتىنى بىلىم تارىخىغا بېغىشلىغان ئىسلام ئىلىملىرى تارىخى تەتقىقاتچىسى فۇئات سەزگىنگە 2016-يىلى 17-ئۆكتەبىردە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىدۇ. ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 2016 ۋە 2017-يىللىق ئاكادېمىك يىلى ئېچىلىش مۇراسىمىدا سەزگىن «ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىلىم تارىخىدىكى بۈيۈك ئورنى» تېمىسىدا لېكسىيە سۆزلەيدۇ.

فۇئات سەزگىن گېرمانىيەدە قۇرغان ئىسلام - بىلىم تارىخى مۇزېيىنىڭ ئوخشىشىنى ئۆز ۋەتىنىدە، ئىستانبۇلدا قۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق تۈركلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ بۇ ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ بىلىم تارىخىغا قوشقان تۆھپىلىرىنى ئەمەلىي بىر شەكىلدە كۆرەلىشىنى نىشانلايدۇ. تۈركىيەگە قايتىپ مۇزېينىڭ تەييارلىقلىرىنى باشلايدۇ. 2008-يىلى ئىستانبۇل گۈلخانە باغچىسىدىكى قەدىمىي توپكاپى

ساربىي خاس ئاخىرلار بىنالىرىدا ئىستانبۇل ئىسلام - بىلىم ۋە ھۈنەر - سەنئەت تارىخى مۇزېيى ئېچىلدۇ. ئىستانبۇل ئىسلام - بىلىم ۋە ھۈنەر - سەنئەت تارىخى مۇزېيىنى قوللاش مەقسىتىدە 2010-يىلى «پروفېسسور دوكتور فۇئات سەزگىن ئىسلام - بىلىم تارىخى تەتقىقات ۋەخپىسى» قۇرۇلدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا فۇئات سەزگىننىڭ باشچىلىقىدا، تۈركىيەدە بىلىم تارىخى ئىنستىتۇتى قۇرۇش پىلانلىنىدۇ. بۇ پىلان 2013-يىلى فاتىھ سۇلتان مەھمەت ۋەخپە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېچىلغان «پروفېسسور دوكتور فۇئات سەزگىن ئىسلام پەنلەر تارىخى ئىنستىتۇتى» بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدۇ. شۇ يىلى پەنلەر تارىخى بۆلۈمى قۇرۇلدۇ. 2015-يىلى «پروفېسسور دوكتور فۇئات سەزگىن ئىسلام ئىلىملىرى تارىخى تەتقىقاتلىرى ۋەخپە نەشرىياتى» قۇرۇلدۇ.

فۇئات سەزگىن 2018-يىلى 18-ئىيۇندا 93 يېشىدا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى. ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئالاھىدە ئىمتىياز بىلەن گۈلخانە باغچىسىدىكى ئىسلام - بىلىم ۋە ھۈنەر - سەنئەت مۇزېيىنىڭ ئالدىدىن ئايرىلغان ئورۇنغا دەپنە قىلىندى. ۋاپاتىدىن كېيىن قىزى ھىلال سەزگىن نېمىسچە ئېچىلغان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا دادىسىنىڭ ھاياتىنى بىلىمگە، بولۇپمۇ شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆپ يۆنىلىشلىك تارىخى مۇناسىۋەتلەر تەتقىقاتىغا بېغىشلىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغان ۋە ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ئۈزلۈكسىز تىرىشقان ھالدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان بىر پروفېسسور ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. 2019-يىلى «فۇئات سەزگىن يىلى» دەپ ئېلان قىلىنىپ، فۇئات سەزگىننى خاتىرىلەش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن تەڭگە پۇل كىشىلەرگە ھەدىيە قىلىنىدى. «فۇئات سەزگىن يىلى»دا قىممەتلىك ئۇستازىمىزنى خاتىرىلەش ئۈچۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلدى. جۇمھۇرىيەت رەئىسى ھىمايىسىدە، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىكىنىڭ قوللىشى بىلەن ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى، فاتىھ سۇلتان مەھمەت ۋەخپە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە پروفېسسور دوكتور



فۇئات سەزگىن ئىسلام ئىلىملىرى تارىخى تەتقىقاتلىرى ۋەخپىسى بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرغان «فۇئات سەزگىن ئىسلام ئىلىملىرى تارىخى مەخسۇس تېمىلىق سۆھبەت يىغىنى» 2019-يىلى 13-ئىيۇندىن 15-ئىيۇنغىچە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىندا ئىسلام ئىلىملىرى تارىخى يېزىقچىلىقى ۋە فۇئات سەزگىننىڭ تۆھپىلىرى، ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى تەرەققىي قىلغان ئىلمىي ئەسۋابلار ۋە ھۈنەر - سەنئەت نەتىجىلىرى، ئىسلام ئىلىملىرى مائارىپى ۋە تەشكىلىي تۈزۈلمىسى، ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ پەرقلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ بىلىم جۇغلانمىسىغا قوشقان تۆھپىسى، ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تەربىيىۋى ۋە مۇھىت ئامىللىرى قاتارلىق نۇقتىلاردا دوكلاتلار سۇنۇلدى.

2019-يىلى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلتىيى ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئىسلام ئىلىملىرى تارىخىدىكى خىزمەتلەرنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم ۋەكىلى بولغان پروف. در. فۇئات سەزگىننىڭ ئىسمى بېرىلدى. ئۇنىڭ نامى ۋە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ھەر دائىم خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەڭگۈ ئەسلەردە تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ نامى ئىستانبۇل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرگە ياشايدۇ.

فۇئات سەزگىن ئۇزۇن ھاياتى ۋە خىزمىتى جەريانىدا ئىسلام ئىلىملىرى تارىخى ساھەسىدە ناھايىتى قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە تەييارلىغان 17 توملۇق نادىر ئەسىرى دۇنيا بىلىم تارىخىدا ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ ئوينىغان رولىنى تەھلىل قىلغان، بەش توملۇق «ئىسلامدا بىلىم ۋە تېخنىكا» ناملىق ئەسىرىدە ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە ۋە دېڭىزچىلىق، ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى بىناكارلىق، گېئومېتىرىيە، فىزىكا، خىمىيە، مېدىتسىنا، ئوپتىكا، مىنېراللار، ئۇرۇش تېخنىكىسى، قەدىمكى جىسىملار، كاتىپ چەلەبىنىڭ نوپۇزلۇق كىتابى «جاھاننامە ۋە جۇغراپىيە»، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ مۇسۇلمان دېڭىزچىلار تەرىپىدىن كولومبودىن بۇرۇن بايقىلىشى، تونۇلمىغان بۇيۈك دەۋر، 1984-يىلدىن 2011-يىلغىچە ئەرەب ئىسلام بىلىملىرى، بۇخارىينىڭ مەنبەلىرى، بىلىم تارىخى سۆھبەتلىرى ۋە ئىسلام ئىلىملىرى تارىخى دىگەندەك خىلمۇ - خىل تېمىلاردىكى لېكسىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئەسەرلىرىدىن باشقا، فۇئات سەزگىننىڭ خەلقئارالىق بىرمۇنچە ئاكادېمىيەلەرگە ئەزا ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇلارنىڭ بىر قىسمى: «قاھىرە ئەرەب تىلى ئاكادېمىيىسى»، «شام ئەرەب تىلى ئاكادېمىيىسى»، «فاس رابات خانلىق ئاكادېمىيىسى»، «باغداد ئەرەب تىلى ئاكادېمىيىسى»، «تۈركىيە ئىلىملەر ئاكادېمىيىسى» شەرەپ ئەزالىقى قاتارلىقلار. فۇئات سەزگىنگە «ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى»، «ئەرزۇرۇم ئاتا تۈرك ئۇنىۋېرسىتېتى»، «ئىسپارتا سۇلايمان دەمىرەل ئۇنىۋېرسىتېتى»، «قەيسەرى ئەرجىيەس ئۇنىۋېرسىتېتى» قاتارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلار پەخرى دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «پادىشاھ فايسال ئىسلام ئىلىملىرى مۇكاپاتى»، «فرانكفورت ئام مائىن گۆتەتخى پىلاكاتى»، «گېرمانىيە 1-دەرىجىلىك فېدېراتىپ خىزمەت مېدالى»، «گېرمانىيە يۇقىرى خىزمەت مېدالى»، «ئىران ئىسلام ئىلىملىرى كىتاب مۇكاپاتى»، «خەسسەن مەدەنىيەت مۇكاپاتى» ۋە «تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى جۇمھۇرىيەت رەئىسلىكى مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئالاھىدە مۇكاپاتى» قاتارلىق ناھايىتى مۇھىم مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. بۇلاردىن باشقا فۇئات سەزگىن باشچىلىقىدا قۇرۇلغان «ئىسلام - بىلىم ۋە ھۈنەر - سەنئەت تارىخى مۇزېيى» يۇقىرى ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلىرى ۋە سۇنغان ئالاھىدە خىزمەتلىرى نەتىجىسىدە تەشكىلات سالاھىيىتى بىلەن مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقىنىڭ 2016-يىللىق ئالاھىدە مۇكاپاتىنى ئالدى.

يازمامىنى سەزگىننىڭ ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلىگەن بىر قىممەتلىك لېكسىيەسىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ خۇلاسىلەيمەن:

«بارلىق تىرىشچانلىقىمنى كۆرسىتىپ كەلدىم، باشقىلار تاپالمىغان نۇرغۇن كىتابلارنى تاپتىم، كىتابلىرىمدا ھېچقاچان قەستەن خاتا قىلمىدىم، ھېچقاچان ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ خاتانى تاڭمىدىم، كەينىمگە بىر تالاي خاتالىقلارنى تاشلاپ قويماسلىقتا تىرىشتىم. بۇ ھەقتە سىلەرگە كاپالەت بېرەلەيمەن. بىلىمگە ھەرقاچان سەممىي پوزىتسىيەدە بولدۇم.»





# ھىجران

**ئاسىيە ئابىرىن**

ئىستانبۇل ساباھەتتىن زەئىم ئۇنىۋېرسىتېتى

ئىسلام ئىلىملىرى بۆلۈمى ئوقۇغۇچىسى

بىز كىچىكىمىزدە شۇنچىلىك سەبىي ئىدۇق، خۇشال ئىدۇق، چۈنكى بىز ئۆز يۇرتىمىزدا، ئۆز ئائىلىمىزدە، ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدە ياشايتتۇق، ناھايىتى بەختلىك ئائىلىمىز بار ئىدى. بىر ئائىلە كىشىلىرى شاد - خۇراملىق ئىچىدە كۈنلىرىمىزنى ئاددىي، لېكىن مەنىلىك ئۆتكۈزەتتۇق. مەھەللىمىزدە ھەممە ئادەمنى تونۇيتتۇق. قولۇم - قوشنىلىرىمىز بىلەن شۇنچىلىك ئىناق ئۆتەتتۇقكى، بىرەر كۈن كۆرمىسەك «قېنى سىلەر؟!» دەپ بىر - بىرىمىزنىڭ ئۆيىگە ئىزدىشىپ چىقاتتۇق. ئۆيىمىزدىن چىقىپ ئوڭغا ماڭساق چوڭ ئاپىمىزنىڭ ئۆيى، سولغا ماڭساق تاغىلىرىمىزنىڭ ئۆيى بار ئىدى. ئۆز يۇرتىمىزدا پۇلسىزمۇ يېمەك - ئىچمەكتىن غەم يېمەي ئاللاھنىڭ بەرگەن كۈننى خاتىرجەم ئۆتكۈزەتتۇق.

باللىق _ ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ تاتلىق مىنۇتلىرى. ئۇنىڭدا ھەر ۋاقىت خۇشاللىقنىڭ كۈلكىسى بار. بەخت - سائادەتنىڭ جىلۋىسى بار. ھېلىمۇ ئېسىمدە، مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن مەھەللىمىزدىكى مەسچىتنىڭ ئالدىغا ئوينىغىلى چىقاتتۇق، ئەگەر ئەسلىدىكى سانىمىز كەم بولۇپ قالسا، ھەممەيلەن بىر بولۇپ: «ئاق تاش، كۆك تاش، دەريا بويىى سۈزۈك تاش، سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش. ئويناپدىغان باللار بارمۇ؟» دەپ ھارغىچە توۋلايتتۇق، كەم قالغان ئاداشلىرىمىز چىققان چاغدا ئاندىن ئويۇنلىرىمىزنى باشلايتتۇق. ئويۇن شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك بولاتتىكى، شۇ ئويۇنلارنى ئويناپ زېرىكمەيتتۇق، قانمايتتۇق. ئاھ سەبىي باللىق چاغلار! كەلمەسكە كەتكەن شۇ گۈزەل چاغلار!

بىز قاچانكى چوڭ بولدۇق، ئەقلىمىز كۈندىن - كۈنگە ئېچىلدى. ئاق - قارىنى پەرق ئېتىشكە باشلىدۇق. ھەققەتلەرنىڭ بۇرمىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئەتراپىمىزدىكى ھەققانىيەتچى ئادەملەرنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدۇق. بۇنىڭ سەۋەبى، بىر قارا قولنىڭ «بېشىڭلارنى سىلايمەن» دەپ بىزنى زەھەرلەۋاتقانلىقىنى، بىزنى قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى پاقىدەك دۇنيادىن بىخەۋەرلەرچە ياشىشىمىزغا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى، بىزنى نادان قالدۇرۇش ئۈچۈن ھەر رەزىللىكنى قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق. بارا - بارا بىز ئۆز يۇرتىمىزغا پاتمىدۇق. يۇرتىمىز بىزگە تار كەلدى. ھىجراننىڭ نېمىلىكىنى ئۇقماستىن مۇساپىرچىلىققا قەدەم باستۇق.

ھەر يولنىڭ بىر نىشانى بولىدۇ. بىزنىڭ تاللىغان يولىمىزنىڭ نىشانى ئېنىق. بىز ئەڭ ئېسىل يولدا كېتىپ بارىمىز. بۇ يولدا پۇتىمىزغا كىرىدىغان تىكەنلەر بار، تاپىنىمىزغا پاتىدىغان تاشلار بار. ھەر قېتىم پۇتىمىزغا تىكەنلەر كىرگەن ياكى تاشلار پاتقان ۋاقىتتا، ھەرگىز «ۋايجان!» دېمەستىن، ۋايسىماستىن يەنىلا خۇشاللىق بىلەن بۇ يولنى داۋاملاشتۇرىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ جۇشقۇن بولىشىمىزغا بەكلا ئېھتىياجىمىز بار. بۇ يولدا قۇياشنىڭ ئاينى قوغلىشى ۋە ئاينىڭ قۇياشنى قوغلىغىنىغا ئوخشاش ئەسلا ھارماستىن بىر - بىرىمىزنى ھەيدىشىمىز كېرەك. بىر - بىرىمىزگە تۈرتكە بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ ئىنسانلار بىز. بۇ تىكەن ۋە تاشلار پۇتىمىزنى قانىتىشى مۇمكىن، تاپانلىرىمىزنى تېشىۋېتىشى مۇمكىن. قەدىمدە ئاقىللار بۇ يولدا ئاققۇزغان قانلىرىدىن ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىشقاندى.

ئالدىمىزدا قارا بورانلار، قارلىق شىۋىرغانلار بولىشى مۇمكىن. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، بۇنداق تەبئىي ھادىسىلەر پەقەت غاپىللارنى غەپلەتتىن ئويغىتىش، ئاقىللارنى ئىبرەت ئالدۇرۇش ئۈچۈندۇر. ھەممە ئادەم ئۆز يۇرتىدىن شۇنچىلىك قىيالماسلىق ۋە چىدىماسلىق ئىلكىدە ئايرىلسا، بىز خۇشاللىق ۋە تەبەسسۇم جىلۋىسى بىلەن بۇ يولغا ئاتلاندۇق. ھەم بۇ ئاتلانغان يولىمىزغا بىزنى يەتكۈزگەن رەببىمىزگە شۈكۈر ئېيتتۇق. بۇ يول بىلەن بىز ھىجراننى تېتىدۇق. شۇنداق تېتىدۇقكى، بۇ ھىجران بىزنى چوڭ قىلدى. بىزنى سەھەرلىرى ئويغاتتى، خۇددى ئانىمىزنىڭ بېشىمىزنى سىيلاپ ئويغاتقىنىغا ئوخشاش. بۇ ھىجران بىزنى ئەللەيلەپ ئۇخلاتتى، خۇددى ئانىمىزنىڭ ئەللەي ناخشىسىغا ئوخشاش. بۇ ھىجران بىزنى چۆچۈتتى، خۇددى گۈلدۈرماملىق چاقماقنىڭ بىزنى چۆچۈتكىنىگە ئوخشاش.

بۇ ھىجران بىزگە سەۋر قىلىشنى ئۆگەتتى، بىزگە ئالدىراڭغۇلۇق قىلماستىن ئېغىر - بېسىق بولۇشنى ئۆگەتتى. بۇ ھىجران بىزگە مۇستەقىل بىر ھاياتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ ھىجران بىزگە قەلب تۇيغۇلىرىمىزنى يېگانە ياراتقۇچى بىلەن سىردىشىشنى ئۆگەتتى.

بۇ ھىجران بىزگە ئىمتىھانلاردىن ئىبرەت ئېلىشنى، ھاياتنىڭ ھەر دوقمۇشلىرىدا سالماق بولۇشنى ئۆگەتتى. بۇ ھىجران بىزگە چىداشنى ئۆگەتتى، بىزگە ھاۋايى - ھەۋەسلەردىن ۋاز كېچىپ، ھەقنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى، ئۆز غايىمىز يولىدا توختىماي ئىرىشىشنى، بىر - بىرىمىز بىلەن قول تۇتۇشۇپ ھەر خىل سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگەتتى.




www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇ ھىجران قەلبىمىزدىكى يارىلارنى ئىچىمىزگە كۆمۈشنى ئۆگەتتى. بۇ ھىجران بىزگە «قەدىرسىز» دەپ ھېس قىلغان نېمەتلەرنىڭ نە قەدەر قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. بۇ ھىجران بىزگە ئۇنتۇغان گۈزەل ئەسلىمىلىرىمىزنى قايتىدىن كۆز ئالدىمىزدا جانلاندۇردى، خۇددى كىچىك ۋاقتىلىرىمىزدا تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئوينىغاندىكى ئۇ گۈزەل ھېس تۇيغۇلىرىمىزدەك ياكى قىزلارنىڭ كۆل بېشىدا ئولتۇرۇپ سۆگەتنىڭ تاللىرىدىن بوستان چاچ ياساپ بېشىمىزغا تاقاپ بىر - بىرىمىزگە «مەلىكە» دەپ ئىسىم قويۇپ كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرغىنىمىزدەك ۋە ياكى ياز كۈنلىرىدە ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىققا سۇ كەلگىنىدە كۆۋرۈكتە ئولتۇرۇپ پۇتىمىزنى سۇغا چىلاپ، كۆزىمىزنى چىڭ يۇمۇپ شېرىن خىياللارغا چۆمگىنىمىزدەك...

بۇ ھىجران بىلەن بىز كۈچلىنىمىز. بىز كۈچلۈك بولۇشقا موھتاج. كۈچلۈك بولۇش ھەرگىز باشقىلارنى بوزەك قىلالاش ئەمەس بەلكى زالىمغا قارشى تۇرالاشتۇر.

بۇ ھىجران بىلەن بىز ئۇچىمىز. قاناتلىرىمىز بىزنى ئۆزىمىزنىڭ ياخشى كۆرگەن يەرلىرىگە ئاپىرىدۇ. ئۇنۇتماڭكى، بىز پەقەت رەببىمىزنىڭ يولىدا بولساقلا...

ھەر باشلىنىشى بولغان نەرسىنىڭ بىر ئاخىرلىششى بولغىنىدەك بۇ ھىجراننىڭمۇ بىر ئاخىرلىششى بولىدۇ. چۈنكى بىز ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن باشلىغان بۇ ھىجران بىزنى ھامان شۇ ئارزۇ - ئارمانلارغا يەتكۈزىدۇ. بۇ ھىجران شۇنداق بىر ئاخىرلىشىدۇكى، خۇددى ھىجران ھاياتىمىزدا ھېچ يۈز بېرىپ باقمىغاندەك، ئىنسانلارنىڭ يۈرىكىدە ھېس قىلىنىپ باقمىغاندەك. بۇ پەقەت رەببىمىزنىڭ پەزلى بىلەن بولىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇ بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. بىز چىن دىلىمىزدىن ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىپ ئۇنىڭدىن بۇ ھىجراننىڭ ئاخىرلىششىنى تىلىسەكلا، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇشىمىزنى، ئۇنىڭغا يارىغۇدەك تەقۋادار بەندىلىرىدىن بولۇشىمىزنى تىلەپ ئۇنىڭ يولىغا تەۋەككۈل قىلساقلا...



بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان – زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.

بەقەرە سۈرىسى، 155-ئايەت

www.uyghurkitap.com

# جاۋابنامە

دېدىڭكى: «بارمايسەنغۇ بوستانلارغا،
بۇلبۇللار ناۋاسىغا مەيلىڭ يوقمۇ؟
يازمايسەن نىگارىڭغا بىرەر داستان،
شېئىر يېزىپ تەربىيەلەشكە لەيلىڭ يوقمۇ؟»

ئاڭلىغىن، ھاجەت ئەمەس باغقا بېرىش،
مەن ئۈچۈن نىگار ئۆزى گۈزەل بوستان.
نە قىلاي، تەربىيىنى مەن چۈشۈرۈپ،
تۇرسا ئۇ، تەڭرى يازغان غەزەل – داستان.

-م. مۇھەممەد دىلئۇز-

# جاۋابنامە

سورىدىم كېچىدىن: قاچان كۈلىسەن؟
سولدىغۇ چېچەكمۇ ھەمدە سۇۋادان.
قالمىدى تېنىمدا تامچىلاپ ھىجران.
بۇ تۇيغۇ ئەجەبا جانسىز پىلەكمۇ؟

ئەي كىشى! بىلىپ قوي يورۇق مۇقەددەم،
تۇسالماس قۇياشنى قاپقارا ھىجران.
ھەقىقەت ئېچىلار يازغاندا قەلەم،
يانىدۇ شۇ چاغدا مۇزدىنمۇ گۈلخان.

-ئا. ئايدىن-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئابدۇللا قادىرىنىڭ

# "مېھراپتىن چايان"

## ناملىق رومانى ھەققىدە مۇلاھىزە

ئابدۇلقادىر زاغىئوغلى
كاستومونۇ ئۈنىۋېرسىتېتى، تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمى
ۋە ئانادولۇ ئۈنىۋېرسىتېتى، تارىخ كەسپى ئوقۇغۇچىسى

ئۆزبېك يازغۇچى ئابدۇللا قادىرىنىڭ «مېھراپتىن چايان» ناملىق ئەسىرى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە ناتونۇش بولمىسا كېرەك! بىز ئەسەر ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشتىن ئىلگىرى يازغۇچى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.[1]

ئابدۇللا قادىرى (جۇلقۇنباي) 1894- يىلى تاشكەنتتە دېھقان سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كىچىكىدە مەدرىسىدە ۋە كېيىنچە رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزبېك سودىگەرلەر ۋە بايلار ئارىسىدا كاتىپلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە قارايدىغان بولساق: ئۇ «ئۆتكەن يىللار» ۋە «مېھراپتىن چايان» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ رومان ژانىرىدىكى تۇنجى ئەسەرلىرىنى بېرىپلا قالماستىن رېئالىزم ئېقىمىنى بۇ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆزبېك ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىردى. ئۇ ئىجادىيىتى ئارقىلىق پەقەت ئۆزبېك ئەدەبىياتىغىلا ئەمەس بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ ئەسەرنى ئېنىق چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن ئابدۇللا قادىرىنىڭ ئىجادىيىتى ۋە پىكرى ھەققىدە ئازراق مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك.

ئابدۇللا قادىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈرك ئەللىرىنىڭ يېڭىلىققا يۈزلىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەرىكەت بولغان «جەدىتچىلىك» ھەرىكىتىنىڭ ئۆزبېك قوللىغۇچىلىرىدىن بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئارقىلىق «جەدىتچىلىك» ھەرىكىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. ئۇ ئىجادىيەتكە ھېكايە يېزىش بىلەن كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھېكايىلىرىنىڭ مەزمۇنى زامانىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغان. ئۇ ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي كېسەللىكلەر (زالىم ھوقۇقدارلارنىڭ خەلقنى بوزەك قىلىشى، مەھەللە بايلىرى ۋە جاھىل ئۆلىمالىرىنىڭ خەلقنىڭ ھەققىنى يېيىشى ۋە نادان خەلقنىڭ ھەر ۋاقىت بويۇن ئېگىشى قاتارلىقلار) نى پاش قىلىش ئارقىلىق خەلقنى جاھالەتتىن مەرىپەتكە يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشقان. 1917-يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە 1922- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلىشى قاتارلىقلاردىن كېيىن ئابدۇللا قادىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە بەزى ئۆزگۈرۈشلەر كۆرۈلگەن ۋە ئىجادىيەتتىكى ئاساسلىق غايە سوتسىيال (ئىجتىمائىي) بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا يۈزلەنگەن. ئوچۇقراقىنى ئېيتقاندا، زامانىسىنىڭ

1-مەنبەلەر: ئابدۇللا قادىرى، مېھراپتىن چايان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983
ئابدۇللا قادىرى، ئۆتكەن كۈنلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982

هاكىمىيىتى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتىنى ياقلاشقا مەجبۇر قىلىنغان. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ئۇ 1937- يىلى ستالىن قوزغىغان چوڭ تازىلاشتا قولغا ئېلىنىپ 1938- يىلى 43 يېشىدا ئۆلتۈرۈلگەن. ئابدۇللا قادىرى ھەققىدە مۇشۇنچىلىك توختالغاندىن كېيىن ئۆز مەقسىتىمىزگە قايتىپ كېلەيلى.

ئابدۇللا قادىرى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ مۇشۇ ۋاقىتلىرىدا «ئۆتكەن كۈنلەر» ناملىق ئەسىرى بىلەن تونۇلغان، گەرچە «ئۆتكەن كۈنلەر» ۋە «مېھراپتىن چايان» قاتارلىق رومانلار ئارقا - ئارقىدىن يېزىلغان بولسىمۇ، بىرىنچىسى بىۋاستە چاغاتاي يېزىقى (ئەرەب ھەرپلىرى) بىلەن يېزىلغان بولغاچقا ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر بىلەن تېزلا ئۇچراشقان. ئىككىنچىسى سىلاۋيان يېزىقى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر بىلەن ۋاقتىدا ئۇچرىشالمىغان. يۇقىرىقى ئىككى ئەسەر 1960/1980- يىللاردا قايتىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن زور قىزىقىش قوزغىغان ۋە بۈگۈنگىچە ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى بىلەن تەڭ ئوقۇلۇپ كەلمەكتە.

ئەسەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ئىلگىرى روماننىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولايلى.

ئەسەر بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان چېگراسى ئىچىدىكى قوقەنت خانلىقى (1876-1709) نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. قوقەنت خانلىقىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدارى خۇدايارخاننىڭ قوقەنت شەھىرىدىكى ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇملىرى بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: ئەسەرنىڭ باش پېرسوناژى ئەنۋەر نامرات بىر ئائىلىدە تۇغۇلىدۇ ۋە 10 يېشىغا بارمايلا ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ، 2 ئاكىسى بىلەن يېتىم قالىدۇ. ئۇنى قوشنا مەھەللىدىكى سالىھ مەخسۇم ئىسىملىك بىر مەھەللە مولللىسى ئۆيىدە ئوقۇتىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ يېتىم قېلىشى ۋە ئانىسىنىڭ زورلىشى بىلەن بېقىۋالىدۇ. سالىھ مەخسۇمنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۆلىما ئائىلىسىدىن بولسىمۇ ئۆزى كۆپ ئوقىيالمىغان بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆيىدە مەكتەپ ئېچىپ مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ساۋاتلىرىنى چىقىرىپ شۇلارنىڭ ئوقۇش پۇللىرى بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان بىرى ئىدى. ئۇنىڭ رەنا ئىسىملىك بىر قىزى بار بولۇپ، ئەنۋەر بىلەن تەڭ ئۆسۈشكە باشلايدۇ ۋە ياشلىرى چوڭايغانسىرى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىدۇ. ئەنۋەرنى ئانىسىنىڭ زورلىشى بىلەن بېقىۋاتقان سالىھ مەخسۇم كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنى ئۆيىدىن قوغلاشنى ئويلاپ تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، ئەنۋەر يېقىن بىر دوستىنىڭ دادىسى ئارقىلىق خۇدايارخاننىڭ ئوردىسىدا كاتىپلىق خىزمىتى بىلەن ئىشقا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن سالىھ مەخسۇم بىردىنلا ئەنۋەرنىڭ ئىززىتىنى قىلىشقا باشلايدۇ. ئەنۋەر ھەر جەھەتتە يېتىلگەن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ يېزىقچىلىقتىكى قابىلىيىتى ئوردا كاتىپلىقى تەرىپىدىن بىردەكلا قوبۇل قىلىنىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئوردىنىڭ باش كاتىپى ئۆلۈپ كېتىدۇ. بەزى كەسپداشلىرى ئۇنى باش كاتىپلىققا نامزات كۆرسىتىدۇ، ئەمما ئەنۋەر بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئەنۋەرنىڭ قارىشىچە ئوردا بىر پىتنە - پاسات يىغىندىسى بولۇپ، ئۇ باشقا ئىش تاپسىلا ئوردىدىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرمەكچى ئىدى.

ئەمما سالىھ مەخسۇم ئۇنىڭ باش كاتىپلىق خىزمىتىنى قوبۇل قىلمىسا قىزىنى بەرمەيدىغانلىقىنى پوپوزا قىلىپ ئۇنى مەجبۇرلايدۇ. نەتىجىدە ئەنۋەر باش كاتىپلىققا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ باش كاتىپ بولغاندىن كېيىن بىردىنلا شۆھرىتى ئۆسۈپ كېتىدۇ، ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەنلەر بولغاندەك ئۇنىڭغا ئورا كولايدىغانلارمۇ ھەم بار ئىدى. ئەنۋەر يەنە شۇ سالىھ مەخسۇمنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان موللا ئابدۇراھمان ئىسىملىك بىرىنى ئىشقا ئالىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلماسلىقى ۋە ئەنۋەرنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئىغىز - بۇرۇن يالاشلىرى سەۋەبىدىن ئۇنى ئىشتىن ھەيدەيدۇ. موللا ئابدۇراھمان بۇنىڭغا چىدىماي شاھادەت مۇپتى ۋە كەلانشا مىرزا قاتارلىق ئەنۋەرنىڭ كۈشەندىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئەنۋەردىن ئۆچ ئېلىشنى پىلانلايدۇ. نەتىجىدە ئەنۋەرنىڭ ئۆيلەنمەكچى بولغان قىزىنى ئىشقىۋاز خۇدايارخانغا سوۋغا قىلىپ بېرىش قارارىغا كېلىدۇ. خۇدايارخاننىڭ دەللىلى ئارقىلىق رەنانىڭ خەۋىرى خۇدايارخانغا يەتكۈزۈلىدۇ. خۇدايارخان

رەناغا ئەلچى كىرگۈزىدۇ ۋە توي تەييارلىقى باشلىنىدۇ. تويغا بىر نەچچە كۈنلا قالغان بىر پەيتتە ئەنۋەر دوستى سۇلتان ئەلى مىرزا ۋە سەپەربايلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق رەنانى ئېلىپ تاشكەنتكە قېچىپ كېتىدۇ.

## روماندىكى باش ۋە يانداش پېرسوناژلار ھەققىدە

**ئىجابىي پېرسوناژلار:** ئەنۋەر، رەنا، سۇلتان ئەلى مىرزا، سەپەر بۆزچى.

**سەلبىي پېرسوناژلار:** خۇدايارخان، سالىھ مەخسۇم، مولla ئابدۇراھمان، شاھادەت مۇپتى.

**ئەنۋەر:** باش پېرسوناژ بولۇپ، روماندىكى پۈتۈن ۋەقەلىك ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرىدەيدۇ. ئۇ ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ئادالەتپەرۋەر، كەڭ قورساق ۋە ئىلىملىك بىرى بولۇپ، ئەرەبچە ۋە پارسچىنى ياخشى بىلىدىغان، باشقا ئىلىملەردىنمۇ خەۋىرى بار بىرى.

**رەنا:** يانداش پېرسوناژ، ئەنۋەرنىڭ سۆيگەن قىزى. ئەدەپ - ئەخلاقلىق ۋە جاسارەتلىك بىر قىز. ئۇ دادىسىدىن ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتلىرىدىن دەرس ئالغان بولۇپ، شېئىر يېزىپ، قوشاق توقۇيالايدىغان ساۋاتلىق بىرى.

**سالىھ مەخسۇم:** يانداش پېرسوناژ، ئەنۋەرنىڭ ئۇستازى ۋە رەنانىڭ دادىسى. قورسىقىدىكى ئۆمچىنىڭ تايىنلىق بولۇشىغا قارىماي ئېغىزىنىڭ تاتلىقلىقى ۋە ھىيلىگەرلىكى بىلەن مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىۋالغان. تەمەخور، بېخىل، خۇشامەتچى ۋە رەزىل بىرى.

**خۇدايارخان:** يانداش پېرسوناژ، قوقەنت خانلىقىنىڭ پادىشاھى. ئىشقىۋاز ۋە زالىم بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرىمىدە 100 دىن ئارتۇق خوتۇن، كېنىزەكلىرى بار. ئۇ شۇنداق بولۇشىغا قارىماي يەنە يېڭى كېنىزەكلەر غېمىدە يۈرىدىغان، ئەلنىڭ تىنچلىقىنى ئويلىمايدىغان زالىم بىرى.

**ئەسكەرتىش:** مەن خۇدايارخاننىڭ ھاياتى ھەققىدە تولۇق ۋە ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارغا ئىگە ئەمەسمەن. مېنىڭكى پەقەت كىتابتىنلا ئېلىندى. ئۇنىڭ رۇس ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشلىرى بىزنىڭ تېمىمىز ئەمەس.

**سۇلتان ئەلى مىرزا:** يانداش پېرسوناژ، ئوردىدا كاتىپلىق قىلىدۇ ۋە ئەنۋەرنىڭ يېقىن دوستى. ساداقەتمەن ۋە دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان بىرى بولۇپ، ئاخىرغىچىلىك ئەنۋەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان، ھەتتا جېنىنى سېلىپ بېرىشتىنمۇ يانمىغان بىرى.

**مولla ئابدۇراھمان:** يانداش پېرسوناژ، بۇخارادا مەدرىسىدە ئوقۇپ كەلگەن بىلىملىك، ئەمما ئوقۇغانلىرىغا ئەمەل قىلمايدىغان ساختىپەز بىرى. ئۇ ئۆز مەھەللىسىنىڭ ئىمامى بولۇپ، كىچىكلىكىدە ئەنۋەر بىلەن سالىھ مەخسۇمدىن بىللە دەرس ئالغان. ئەنۋەرنىڭ بۇخارادا مەدرىسە كۆرمەي تۇرۇپ ئوردىغا خىزمەتكە كىرىشى، ئۆزىنىڭ بولسا شۇنچە ئوقۇپمۇ ئارانلا كىچىك بىر مەسچىتكە ئىمام بولۇشى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەن بولۇپ، ئەنۋەرنى كۆرەلمەسلىكى ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان.

**سەپەر بۆزچى:** يانداش پېرسوناژ، كەمبەغەل بىرى بولۇپ بۆز توقۇپ، سېتىش بىلەن جان باقىدۇ. ئوردىغا ئەرز يېزىش جەريانىدا ئەنۋەر بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ ۋە ئەنۋەر بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ. دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان ۋە ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان سالىھ بىرى.

**شاھادەت مۇپتى:** يانداش پېرسوناژ، ئوردىدا كاتىپلىق قىلىدىغان قېرى ۋە دىنىي بىلىملەرگە پۇختا، ئەمما ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئايەتلەرنى ئوڭ - تەتۈر چۆرىيدىغان ۋە دۈشمەنلىك ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان رەزىل بىرى.

يۇقىرىدا كۆرۈلگىنىدەك روماندا جەمئىيەتنىڭ ھەر تەبىقىسىدىن بىرەر شەخسنىڭ ئوبرازى كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق شۇ ۋاقىتنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى يورۇتۇلغان. ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن ئەسەردىكى يانداش پېرسوناژلاردىن بىر نەچچىسىلا تونۇشتۇرۇلدى.

ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدىكى قىسقىچە بايانىمىز ۋە پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇشىمىز بىلەن ئوقۇرمەننىڭ كاللىسىدا «مېھراپتىن چايان» ناملىق كىتاب بىر قۇر جانلانغان بولسا كېرەك!

www.uyghurkitap.com

## بىز ئەمدى رومان ھەققىدىكى پىكىرلىرىمىزنى ۋە بىزنى ئويلاندۇرغان بەزى مەزمۇنلارنى ئوقۇرمەن بىلەن ئورتاقلىشىمىز.

فرانسۇز يازغۇچى ستەندەل «رومان يول بويى ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن ئەينەكتۇر» دەپ ئىنتايىن توغرا ئېيتقان. رومان ئەينەككە ئوخشاش ھەرقانداق نەرسىنى ئەسلىدىكىدەك راستچىل ھالەتتە كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك. بىز رومان ئارقىلىق شۇ دەۋرگە ئالاقىدار نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز. جۈملىدىن ئۇشبۇ ئەسەرمۇ بىزگە شۇ دەۋرنىڭ ئۆزبېكىستانى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئۇچۇرلارنى ئېيتىپ بەردى. ئابدۇللا قادىرىنىڭمۇ تەۋە بولغان رېئالىزم ئېقىمى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ھەققەتتىن چەتنىمىگەن بولىشى كېرەكلىكىنى ۋە ياشانغان ۋەقەلىكلەرنىڭ يېزىلىشى كېرەكلىكىنى ياقلايدۇ. ئابدۇللا قادىرىمۇ بۇ ئەسىرىنى دادىسىدىن ئاڭلىغان ۋەقەلىكلەرگە قارىتا يېزىپ چىققانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بىز ئۇچۇن بولغاندا بۇ ۋەقەلىكلەرنىڭ يۈز بېرىپ - يۈز بەرمىگەنلىكى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى بىز بۇنىڭدىن بىزگە كېرەكلىك بولغان دەرسلەرنى ئېلىشىمىزدا...

ئاپتور ئەسەرنىڭ كىرىش قىسمىدا بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى ئوچۇقلا بايان قىلىپ، تۈركىستان فېئوداللىرىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى خۇدايارخاننىڭ ئاددىي دېھقان سىنىپىغا سالغان زۇلۇملىرىنى ۋە بۇ زۇلۇمنى يوللۇق كۆرسەتكەن ئۆلىما سىنىپىنىڭ رەزىللىكلىرىنى، شۇنداقلا بۇلارغا قارشى كۈرەش قىلغان ئاددىي خەلقنىڭ سەرگۈزەشتلىرىنى ۋە ئۆزبېك خەلقىنىڭ مىللىي كۈلتۈرىنى جانلاندۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

**سىنىپىي كۈرەش ھەققىدە:** ئەسەردە ئەڭ دىققىتىمىزنى تارتقان نۇقتا سىنىپىي كۈرەشتۇر. ئوردا ۋە ئوردىغا مەنسۇپ ئۆلىما ۋە باي قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىكى كىشىلەر بىلەن دېھقان، ھۈنەرۋەن ۋە قۇل - كېنىزەك قاتارلىق تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئەھۋالى ئەينەن بايان قىلىنغان. يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ راھەت - پاراغىتى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كېلىدۇ. يۇقىرى تەبىقىنىڭ ۋەكىلى خۇدايارخان ئۆزىنىڭ راھىتى ئۈچۈن تۆۋەن تەبىقىدىكى دېھقانلارنى مەجبۇرى ئەمگەك قىلىشقا زورلايدۇ، خالىغانچە خەلقنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ.

سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسى تارىختىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلدى، يەنە داۋام قىلىشى مۇقەررەر. ئاجىزلار ھەر ۋاقىت كۈچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدى، ئەمما ھېچقاچان كۈچلۈك بولۇشقا ئىنتىلمىدى. ئىنتىلگەن تەقدىردىمۇ يەنە ئۆزىدىن ئاجىزلارنى ئېزىشتىن باشقا نەتىجە چىقمىدى. بۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ كىچىكىمدە يېزىمىزدىكى چوڭلاردىن ئاڭلىغان مۇنۇ سۆز ئېسىمگە كېلىپ قالدى: «ياۋاشنى بوزەك قىلمىساڭ، قىيامەتتە خۇدا سورىقىنى سورايدۇ». ئەلۋەتتە، بۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىزغا زىت بىر سۆز. ئەمما بۇنداق سۆزلەر بىكارغىلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالمايدۇ. بۇ سۆز ھەققىدە بىراز ئويلىنىپ باقساق زېرەك خەلقىمىزنىڭ نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. پەيغەمبىرىمىز بىر ھەدىسىدە: «ئاللاھ كۈچلۈك مۇسۇلماننى ئاجىز مۇسۇلماندىن بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ» دەيدۇ، بەلكى خەلقىمىز بۇنى مەقسەت قىلغاندۇ...

ھەر قانداق كىشى ئاجىز بولۇشنى خالىمايدۇ، ئەمما شەرت - شارائىت ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويۇشى مۇمكىن. لېكىن بىز يەنىلا بەل قويۇۋەتمىسەك نېمە دەپ كۈچلۈكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىغۇدەكمىز؟ بوزەك قىلمىغاننىڭ ھېسابىنى سورىغان ئاللاھ بوزەك قىلىنغاننىڭ ھېسابىنى سورىماسمۇ؟

**ساختا دىنىي زاتلار ھەققىدە:** 19/20-ئەسىر دېيىلگەن ھامان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەقلىگە جاھالەتنىڭ زۇلمەتلىك كېچىلىرى ۋە بۇ جاھالەتنىڭ پىرلىرى بولمىش لاياقەتسىز، نادان ۋە جاھىل «ئۆلىمالار» كېلىشى مۇمكىن. ئەسەردە شۇنداق جاھىل ۋە مەنپەئەتپەرەس «ئۆلىمالار»نىڭ خىلمۇخىل ھېكايىلىرى ئاڭلىتىلىپ رەزىللىكلىرى پاش قىلىنغان. مەسىلەن: ئوخشاش بىر ۋەقەلىككە (كېنىزەك تالىشىش جېدىلى. قوقەنت پادىشاھى بىر كېنىزەك بىلەن توي قىلماقچى

www.uyghurkitap.com

بولـۇپ تۇرغـان كۈنلـەردە ئۆلـۈپ قالـدۇ. ئۇنـىڭ ئورنىغـا چىققـان يېڭـى پادىشـاھ كېنىزەكنـى ئـۆز ئەمرىگـە ئالماقچـى بولـدۇ. ئەينـى ۋاقىتتـا بۇخـارا پادىشـاھىمۇ بـۇ كېنىزەككـە كۆيـۈپ قالـدۇ. شـۇنىڭ بىلـەن بۇخارادىكـى ئۆلىمـالار تەرىپىدىـن «يېڭـى قوقەنـت پادىشـاھىنىڭ ئـۇ كېنىـزەك بىلـەن تـوي قىلىشـى هـارام، چۈنكـى ئـۇ  سىزنىڭ ئانىڭىـز هېسـاپلىنىدۇ» دەپ پەتـۋا چىقىـدۇ. قوقەنـت ئۆلىمالىـرى تەرىپىدىـن بولسـا «ئـۇ تېخـى دادىڭىزنىـڭ نىكاھىغـا ئۆتمىگـەن، شـۇڭا سىزنىڭ ئۇنـىڭ بىلـەن نىكاھلىنىشـىڭىز دۇرۇس» دەپ پەتـۋا چىقىـدۇ.) بۇخـارا ۋە قوقەنـت خانلىقىدىكـى ئۆلىمالارنـىڭ ئـۆز پادىشـاھىغا قارىتـا پەتـۋا بېرىشـى نەتىجىسـىدە ئىككـى پادىشـاھلىق ئوتتۇرىـدا چـوڭ ئـۇرۇش چىقىـدۇ. بـۇ هۆكۈمنىـڭ توغـرا - خاتالىقـى بىزنىـڭ تېمىمىـز ئەمـەس، ئەممـا ئۇلاردىكـى زېهنىيـەت هەققىـدە بىراز ئويلىنىـش كېـرەك. تۆۋەندىكـى بىـر پېرسـوناژنىڭ ئېغىزىدىـن «...پـۇل بەرسـىڭىز هـارام ئۆلگـەن ئېشـەكنىڭ هالاللىقىغـا پەتـۋا بېرىدىغـان مۇپتىـلار...» سـۆزى تەپەككۇرىمىزنـى كېڭەيتىشـىمىزگە يـاردەم بېرىـدۇ.

شـۇنداق، ئۇلارچە بولغانـدا مەنپەئـەت هەممىدىـن ئـەلا، بەلكـى ئۇلارچـىلا ئەمـەس بىـز ئۈچۈنمـۇ هـەم شـۇنداقتۇر! شەخسـي مەنپەئەتىمىزگـە كەلگەنـدە توغـرا - خاتالارنـىڭ قانچىلىـك ئەهمىيتـى قالـدۇ، بـۇ ئۆزىمىزگـە مەلـۇم!

**ئەسـكەرتىش:** مـەن يۇقارقـى كىشـلەرنى  ئۆلىمـالار قاتارىدىـن هېسـابلىمايمەن. شۇڭلاشـقا  «»  بەلگىسـىنى ئىشـلەتتىم.

**تەنقىدىـي پىكـىر:** ئاپتـور ئەسـرىدە ئۆلىمـا ئاتلىـق پۈتـۈن كىشـلەرگە سـەلبىي رول بەرگـەن بولـۇپ، بـۇ كىشـىنى سـەل ئويلاندۇرىـدۇ. 19-ئەسـىر ئۆزبېـك تارىخىـدا بىـز ئۇيغۇرلارنىـڭ تەجەللـي ۋە ئابدۇقادىـر داموللامـدەك كاتتـا ئالىـم - ئۆلىمالىرىنىـڭ بارلىقـى مۇهەققـەق. ئاپتـور دىـن نامىدىـن زورلـۇق قىلغانلارنى قامچىـلاش نىيتىـدە، ئەسـرىدە پەقەتـلا سـەلبىي ئوبرازلارغـا يـەر بەرگـەن بولىشـى مۇمكىـن.

**زامانىسـىدىكى ئەدەبىـي تـىل هەققىـدە:** تۈركـي تىللىق قەۋملەرنىـڭ ئىسـلامىيەتنى قوبـۇل قىلىشـى بىلـەن  ئەرەبچـە ۋە پارسـچە زامـان - زامـان تۈركـي تىللىرىغـا هاكىـم بولـۇپ كەلـدى. 15-ئەسـىردە ئەلىشـىر نەۋائىينىـڭ يېتەكچىلىكىـدە تۈركـي تىلـلار قايتىدىـن ئـۆز قىممىتىنى تاپتـى ۋە ئىجادىيەتتە ئـەڭ يۇقـىرى پەللىگـە يەتتـى. كېيىنكـى يىلـلاردا ئەرەبچـە ۋە پارسـچە قايتىدىـن هۆكۈمرانلىـق كۈچىنـى ئىگىلىگـەن بولسـا كېـرەك؛ بۈگۈنكـى ئۆزبېكىسـتان تۇپراقلىرىـدا قۇرۇلغـان خانلىقلارنىـڭ كۆپىنچىسـىدە پارسـچە هاكىمىيـەت تىلـى بولـۇپ كەلـدى.

رومانـدا بـۇ هەقتـە بـەزى مەلۇماتـلار بېرىلگـەن بولـۇپ، ئەلىشـىر نەۋائـي زامانىسـىدىكىدەك پارسـچىنى ئـۆز تىلىدىـن ئۈسـتۈن بىلىدىغـان ئەخمەقلـەر بىلەن بىرگـە تۈركـي تىللارنىڭ قۇدرىتىگـە ئىشـىنىدىغان مىللەتپەرۋەرلەرنىـڭ بارلىقـى مەلـۇم. رومانىدىكـى مۇنـۇ مىسـاللار بۇنـى كۆرسـىتىپ بەرمەكتـە: «مولـلا ئابدۇراهماننىـڭ مىـرزا ئەنۋەرنىـڭ ئەرەبچـە، پارسـچە سـۆزلەردىن خالىـي، سـاددا تەهرىرىنـى كۆچـۈرۈپ كۆپەيتىۋېتىـپ «تۇزسـىز ئـاش» دەپ كۈلـۈپ قويۇشـى...» خۇدايارخاننىـڭ خـەت - چەكلىرىـدە ئەرەبچـە ۋە پارسـچە سـۆزلەر تولـۇپ تاشـقان كاتىپلىرىنـى ئازارلىشـى ۋە خـەت - چەكنـى سـاپ تۈركچـە يازىدىغـان ئەنۋەرنـى ماختىشـى.

بـۇ قۇرلارنـى يېزىۋېتىـپ كـۆز ئالدىمغـا تۈركىيەدىكـى ئۇيغۇرلار كەلدى. ۋەتەندە ختتايچىنىڭ بېسىـمىغا مەجبۇري دۇچ كەلگـەن ئانـا تىلىمىـز، بۈگـۈن تۈركىيـەدە تۈركچىنىـڭ بېسـىمىغا دۇچ كەلمەكتـە. بۇنىـڭ ئاساسـلىق سـەۋەبىنى ئۇيغۇرچـە بىلـەن تۈركچىنىـڭ يېقىـن بولىشـىدىن ئىزدەپ ئۆزىمىزنـى مەسـئۇلىيەتتىن قاچۇرۇشـقا تىرىشـۋاتقانلىقىمىز بىـر هەقىقـەت. بەلكىـم چەتئەلـدە ياشـاۋاتقانلىقىمىز ۋە كۈندىلىـك ئىشـلىتىدىغان ئاساسـلىق تىلىمىز باشـقا بىـر تىـل بولغاچقـا بـەزى ئىشـلاردا ئامالسـىزمىز. ئەممـا ئەسـەردىكى مولـلا ئابدۇراهمانـدەك ئانـا تىلىنـى پـەس كۆرىدىغـان تېگـى پەسـلەرنىڭ ئارىمىـزدا بارلىقـى سىـر ئەمـەس!

قايسـىدۇر بىـر مۇتەپەككۇرنىـڭ ئۇشـبۇ سـۆزىنى ئەسـلىتىپ ئۆتەيلـى: «تىـل– مۇسـتەملىكە قەپىسـىنىڭ قۇلۇپىنـى ئاچىدىغـان ئاچقـۇچ». شـۇنداق، بىزنىـڭ مىللىـي مەۋجۇتلىقىمىـز ۋە قۇتۇلۇشـىمىز هەممىدىـن ئـاۋۋال ئانـا تىلىمىـز بىلـەن بولىـدۇ. ئانـا تىلىمىزنـى قەدىرلەيلـى!

ئۇشـبۇ قۇرلارنـى ئـۆز - ئۆزۈمگـە ئېيتقىنىمـدا هالەتتـە

يېزىۋېتىپتىمەن. چۈنكى «ئانا تىلىم» دەپ چۇقان سېلىۋاتقان مەن، بۇ مۇلاھىزىنى ساپ ئۇيغۇرچە ئىپادىلەشتە قىينىلىۋاتىمەن!

**زامانىسىدىكى مائارىپ ھەققىدە:** مۇسۇلمانلار ئىلىم - پەنگە سەل قاراشقا باشلىغاندىن كېيىن جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتتى. 19/20-ئەسىردە ئىلىم - پەن ئۇچقاندەك ئىلگىرلەپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئېيتقاندەك: «كىشىلەر سۇدا ئۈزۈپ ھاۋادا ئۇچۇشقا» باشلىدى. ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى تېخى جاھالەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتاتتى. ئەسەردە بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا مەدرىسە ياكى مەھەللە مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇشلۇقلار بىر پۈتۈن دىنىي ۋە ئەدەبىي بىلىملەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ تەبىئىي پەن بىلىملىرى يوق ئىدى.

**ئەسەرنىڭ تىلى ھەققىدە:** ئەسەر ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60/80-يىللىرىدا ئۇيغۇرچىدە نەشىردىن چىققان بولغاچقا؛ بۈگۈنگە نىسبەتەن جۈملە قۇرۇلمىلىرى ۋە ئىملا جەھەتلەردە بەزى خاتالىقلار ئۇچراپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئوقۇرمەن دەماللىققا چۈشىنىپ بولالماسلىقتەك ئەھۋاللار ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن.

**خەلقىنىڭ قىممەت قاراشلىرى ھەققىدە:** بىر جەمئىيەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرى ۋە مەلۇم ئىشلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېساپلىنىدۇ.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۆزبېك خەلقىنى تونۇشىمىزغا ۋە بۇ تونۇشتىن ئۇيغۇرلارغا بېقىشتا بۇ ئەسەر مەلۇم دەرىجىدە بىزگە ياردەمچى بولىدۇ. بىز بۇ ھەقتە كۆپ سۆز قىلماي ئەسەردىن بىر نەچچە مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق كۇپايە قىلىمىز.

«...ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، كۆپەيتىش ئۈچۈن ياشايتتى»

«خانغا <ساداقەت> بىزنىڭ ئادەملەرنىڭ پىكرىچە بىرەر مەنپەئەتنىڭ تەقەززاسىدۇر»

كىتابىمىزنىڭ ئەڭ كاتتا تەمەخورى سالىھ مەخسۇمنىڭ ئېغىزىدىن: «تەمە ئۆزى بەك يامان نەرسە، قانائەتلىك كىشى ئەزىز، تەمەلىك كىشى خاردۇر» ئەنۋەر باش كاتىپلىققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھەتتا ئەنۋەرنى نادان دەپ زاڭلىق قىلىپ ياقىسىنى تۇتقان ئۆلىمالار، باي ۋە مۆتىۋەرلەر مۇبارەكلىگۈچىلەرنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىشتى. چۈنكى بۇ كېيىنكى تەبىقە زامانىسىزلىق، مۇرەسسە ۋە تەدبىرلەر بىلەن ياشىغۇچىلاردۇر. ئەنۋەر ئۆزىنى تەبرىكلىگۈچى ئۆلىما ۋە مۆتىۋەرلەرنىڭ ئۆزىدىن ئوچۇق رەۋىشتە رىياكارلىق، شەيتانلىق ۋە تەمە ئوقۇيتتى، كەمبەغەللەردىن بولسا ساددا سەمىمىيەت كۆرەتتى.»

ئازراقلا مەنپەئەت ئۈچۈن ئەنۋەرنى بېشىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈۋاتقان سالىھ مەخسۇمنىڭ ئېغىزىدىن «ئەنۋەرنىڭ بىرەر كەمبەغەل بىلەن ئېزىلىشىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرسە ئىچىدە خاپا بولۇپ «كۈللۈشەيئىن يەرجىئۇ ئىلا ئەسلىھى (ھەممە نەرسە ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ)... پەس ھەمىشە پەسلىكىنى قىلىدۇ» دەپ ئويلايتتى.

يۇقىرىقى ئابزاسلار بىزنى ئىختىيارسىزلا ئۇلارنى تىللاش ۋە قارغىشلارغا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئەمما راستچىللىق بىلەن ئۆز ۋىجدانىمىزغا سوئال قويىدىغان بولساق؛ ئۇ قۇرلاردىن ئۆز ئەكسىمىزنى كۆرۈپ يۈزىمىز قىزىرىشى مۇمكىن...

**ئەنۋەر ئوبرازى ھەققىدە:** ئەسەرنىڭ باش پېرسوناژى ئەنۋەرنى تەھلىل قىلىش بەلكىم بۇ مۇلاھىزىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى بولسا كېرەك! چۈنكى ئەنۋەر يېڭى زاماندىكى يېڭى ئىنسانلارنىڭ ئۈلگىسى ھېساپلىنىدۇ. ئابدۇللا قادىرى ئەنۋەر ئارقىلىق مەيلى مۇنەۋۋەر سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى ئوبرازىنى ياكى يېڭى ئۆزبېك پۇقراسى ئوبرازىنى ياراتماقچى بولغان بولسۇن، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كىشىلەرگە بىر ئۈلگە تىكلەپ بېرەلىدى. ئۇنداقتا ئەنۋەرنىڭ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتقان تەرەپلىرى قايسىلار؟ تۆۋەندە كۆرۈپ باقايلى.

ئەنۋەر خەلقپەرۋەر بىرى، ھەرۋاقىت ئاددىي خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ياقىلايدىغان ۋە خەلق تەرىپىدىن سۆيۈلگەن بىر ئوبراز. ئۇ زالىم ھاكىمىيەتنىڭ خەلققە زۇلۇم سېلىشلىرىغا چىدىمايدۇ ۋە يۇقىرى مەنسەپلەرنى بۇ زۇلۇملارغا شېرىك

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇ بەزى ئىشلارنىڭ ھەقسىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئەمما ھەقسىزلىقكە قارشى كۆرەش قىلمايدۇ ياكى قىلالمايدۇ...

ئەنۋەر باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، كىشىلەرگە پەقەتلا يامانلىق قىلمايدىغان، ھەتتا دۈشمەنلىرىگىمۇ ياخشىلىق قىلىشقا ئۆرۈنىدىغان بىرى. ئاپتورنىڭ ئەنۋەرنىڭ ئېغىزىدىن ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلارغا قارىتا ئېيتقان «ياخشىلىق قىل، دەرياغا تاشلا. بالىق(بېلىق) بىلمىسە، خالىق(ياراتقۇچى) بىلەر» سۆزى كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ. گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇش ئىسلام دىنىمىزنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن بىرى، ئەمما دوستقا دوستتەك، دۈشمەنگە دۈشمەندەك مۇئامىلە قىلىشمۇ ھەم ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئوڭ ئېڭىككە بىر شاپىلاق ئۇرسا، سول ئېڭىكىنى تۇتۇپ بېرىدىغان بۇ خىل خاراكتېر بىزلەرگە جاھىل سوپىلار بىلەن بىرگە كىرىپ كەلگەن بولسا كېرەك. دوست - دۈشمەنگە بولغان مۇھەببەت - نەپرەتنىڭ ئېنىق بولىشى بىزنىڭ مەيدانىمىزنى بەلگىلەيدۇ. ئىنسانغا رەھىمدىللىق ياراشقاندەك، ۋاقتى كەلگەندە رەھىمسىزلىكمۇ ھەم يارىشىدۇ. چۈنكى كائىناتنى ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ رەھىم - شەپقەت قىلغۇچى دەپ سۈپىتى بولغاندەك، غەزەپ قىلغۇچى دەپمۇ سۈپىتى بار. ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى تەجەللىسى بولغان بىز ئىنسانلاردىمۇ ھەم ئۇ سۈپەتلەرنىڭ تېپىلىشى شەرتتۇر.

بىزچە بولغاندا، ئەنۋەر ئوبرازىنىڭ تەھلىلى ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئۆزبېك ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى ئۈلگە پېرسوناژلارنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە بەكرەك تەپسىلي ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

**خۇلاسە:** بىز بۇ يازمىدا ئۆزبېك يازغۇچى ئابدۇللا قادىرىنىڭ «مېھراپتىن چايان» ناملىق تارىخىي رومانىنى تۆۋەندىكى تېمىلار ئاستىدا تەھلىل قىلىپ كىتابنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشتۇق: ئابدۇللا قادىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى، رومانىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى، روماندىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسونازلارنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى، رومان ھەققىدە مۇلاھىزە ۋە سىنىپىي كۆرەش، ساختا دىنىي زاتلار، زامانىسىنىڭ ئەدەبىي تىلى، زامانىسىنىڭ مائارىپى، خەلقىنىڭ قىممەت قاراشلىرى، ئەسەرنىڭ تىلى ۋە ئەنۋەر ئوبرازى قاتارلىقلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش قاتارلىقلار.

ئەدەبىي ئەسەرلەر كىشىنىڭ ھەم كۆڭلىنى ئاچىدۇ، ھەم تەلىم - تەربىيە بېرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ يەنە بىر قالتىس يېرى ئۇ سىزنى مەلۇم بىر قېلىپقا سولاپ قويمايدۇ. سىز تەپەككۇر تۇلپىرىڭىزنى خالىغانچە چاپتۇرالايسىز. مەن بىر نەچچە كۈن تەپەككۇر قايناملىرىغا چۆكتۈم ۋە بۇ پىكىرلىرىمنىڭ مەھسۇلىنى ئۇشبۇ يازمىدا ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم. ئەلۋەتتە، قانچىلىك توغرا، قانچىلىك خاتا ئۇنىسى نامەلۇم!

ئاخىرىدا بۇ مۇلاھىزىنى روماندىكى مەن ئەڭ ياقتۇرغان ئۇشبۇ سۆز بىلەن تۈگىتىشنى خالايمەن:

> **«زۇلۇم قانچە كۈچەيسە، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ شۇنچە قىسقا بولۇشى تەجرىبىلەردە ئىسپاتلانغان».**

ئابدۇللا قادىرى 1894-يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلغان. رۇس مەكتىپىدىكى ئوقۇشىنى 1912-يىلى پۈتتۈرىدۇ ۋە بۇ جەرياندا رۇس كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. 1915-يىلى مەدرىسىدە ئەرەب تىلى، پارس تىلى قاتارلىق تىللارنى، ئىسلام ئىلىملىرىنى ئۆگىنىدۇ. 1917-يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىشچىلار تەشكىلاتىدا ۋە بىر مەتبەئەدە ئاكتىپ خىزمەت ئۆتەيدۇ. پارچە-پارچە يېزىپ ئېلان قىلغان «ئۆتكەن يىللار» رومانىنى 1926-يىلىدا تۈپلەپ كىتاب شەكلىدە نەشر قىلدۇرىدۇ. قىسقا مۇددەتلىك تۈرمە ھاياتىدىن كېيىن، ئىككىنچى نادىر رومانى «مېھراپتىن چايان»نى يېزىپ چىقىدۇ. 1936 ۋە 1939-يىللىرى ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان «چوڭ تازىلاش» ھەرىكىتىدە ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ 1937-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى قايتىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. 1938-يىلى 10-ئاينىڭ 4-كۈنى، توققۇز ئاي تۈرمىدە سوراق ۋە قىيناشتىن كېيىن ئىنقىلابقا قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن تاشكەنتتە مەخپىي ئۆلتۈرۈلىدۇ.



# «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى»دىن ئۆيلىغانلىرىم


ئايگۈزەل ئابلىمىت

ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى

مېيپلار مائارىپى كەسپى ئوقۇغۇچىسى


ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ يەنە بىر شاھانە ئەسىرى بولغان «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى 2013-يىللىرى ئەتراپىدا «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدىن ئوقۇغان ئىدىم. ئۇستازنىڭ كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلغانلىقىنى بىلەتتىم، لېكىن بۇ زىيارەتتىن ئالغان ھوسۇل ۋە تۇيغۇلىرىنى كىتابنى ئوقۇش ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر زەرەتلەنگەن ھالدا ھېس قىلدىم.

ئاپتور چەكسىز ئىزتىراپ ۋە تەئەججۇپلەر ئىلكىدە بېرىتانىيە سەپىرى ئۈچۈن بوسۇغا ئاتلايدۇ. ئۆز قىممەت قارىشىغا مۇخالىپ نۇرغۇنلىغان كېچىكلەردىن ئۆتىدۇ. مۇھەممەد فۇزۇلىنىڭ يۇرتى ئەزەربەيجاندا ئۆكۈنىدۇ. شېكسپېرنىڭ يۇرتىدا سېھىرلىك كەچۈرمىشلەرگە شاھىت بولىدۇ. گەرچە كىتابتا يازغانلىرى ئۇستازنىڭ مۇھاجىرەتتىكى پۇتكۈل ھېس - تۇيغۇلىرىنى مۇپەسسەل ئىپادىلەپ بېرەلمىسىمۇ، مەلۇم مەسىلىنى چۈشەندۈرۈۋېتىپ ئىچىگە يۇتۇۋەتكەن تالاي ھېسلىرىنى (ئاپتورنىڭ يېزىش ئۇسلۇبىنى ئاز-تولا ئاڭقىرالايدىغان ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلەردىن بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن) ھېس قىلالىغاندىم.

ئاپتور ئەنگلىيىگە بېرىشتىن ئىلگىرى، ئىنگلىز تىلى پراكتىكىسى ئۈچۈن بىر مەزگىل شېنجېندا ئىقامەت ئېتىدۇ. بۇ جەرياندا ئىچكىرىدىكى پارتىزان تىجارەتچى ئۇيغۇرلار ۋە تار بىر بىلىقچىلىق كەنتىدىن دۇنياۋى تىجارەت شەھىرىگە ئايلانغان شېنجېن ھەققىدە ئويلىنىدۇ. تار بېلىقچىلىق كەنتىنى دۇنياۋى چوڭ شەھەرگە ئايلاندۇرغىنى سىياسەت ئىدى. ئەقلىمگە نېفىت شەھىرى قاراماي، قاش تېشى دىيارى خوتەن ۋە شۇنچىۋالا بايلىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئىچىدە تۇغۇلغان تۇرۇقلۇق، يوقسىزلىقتىن مەكتەپتە ئوقۇيالماي دېھقان بولۇپ كەتكەن تالاي «نيوتون، ئېينشتېين» لىرىمىز كەلدى. قول ئىچىگە ئېگىلەتتى، تالاي مۇمكىنسىزلىكلەرنى ھەل قىلغان نومۇسسىز سىياسەت بىزگە كەلگەندە ئىشقا يارىمايتتى.

ئاپتور ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇر پارتىزان تىجارەتچىلەردىن سۆز ئاچقىنىدا سۆيۈنۈش ئارىلاش ئېچىنىش قەلب قەپىزىمنى ئورىۋالدى. چۈنكى ئېسىمگە يىللار ئىلگىرى ئوقۇغان «رۇيلىدىكى كۇنسايىن كۆپىيىۋاتقان ئۇيغۇر قەبرىستانلىقى» ناملىق ماقالە كەلدى. رۇيلى-يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ بىر شەھىرى بولۇپ، ماقالە بۇ شەھەردە ئۇلتۇراقلىشىپ زەھەر ساتىدىغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلغانىدى. رۇيلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر كۈنلۈك تۇرمۇشى نورمال باشلىناتتى. ئۇلار سەھەردە پاكىز يۇيۇنۇپ - تارىنىپ بامدات نامىزىنى مەسچىتتە ئۆتەيتتى. نامازدا ياراتقۇچىدىن شۇ كۈنلۈك نېسىۋىسىنى ئۇلغايتىشىنى تىلەيتتى. نامازدىن كېيىن «سودا» ئۇچۇن تەرەپ - تەرەپكە راۋان بولاتتى. «سودا» دېگىنىمىز خروئىن سودىسى ئىدى. بۇ خروئىنلارنى توشۇشتا ھامىلدار ئاياللار ئىشقا سېلىناتتى. خروئىن قاچىلانغان بولاقچىنى ئايروپىلانغا چىقىشتىن ئىلگىرى پۈتۈنلا يۇتۇپ، ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن تاھارەت سۇندۇرۇش يولى ئارقىلىق بولاقچىغا قايتا ئېرىشەتتى. تەلەيلىكلىرى خروئىننى ساق - سالامەت يەتكۈزەلەيتتى. بەزىلىرىنىڭ بولسا يۇتىۋالغان خروئىن بولاقچىلىرى سەپەر جەريانىدا قورساق ئىچىدىلا يېرىلىپ، ئۆلۈپ كېتەتتى. رۇيلىدىكى ئۇيغۇر قەبرىستانلىقى مۇشۇنداق كۆپەيگەنىدى. بەگ بولىدىغان يىگىتلەر مالاي بولدى، خانىش بولىدىغان قىزلار دېدەك بولدى، قەبرىلىرى نەلەردىدۇر غېرىبسىنىپ قالدى.

ئاپتور يەنە:« ھېچقانداق سانائەت ۋە شەھەر ئېڭىغا ئىگە بولمىغان دېھقاننى سانائەتلەشتۇرۇپ قويۇش قىيامەتنىڭ ئۆزى شۇ! » دەپ يازىدۇ.

تېرىلغۇ يەرلىرى ئېچىۋېتىش پىلانىغا ئۇيغۇن كەلگەنلىكى ئۇچۇن يېرىنى مەلۇم مىقداردىكى پۇلغا

ختىتايغا سېتىپ، شەھەرگە كىرىپ قىمار ئويناپ، بىر كېچىدىلا خانىۋەيران بولغان نۇرغۇن دېھقانىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىدىم. يەنە ئۆمرىدە ئۇنچىلىك پۇلنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ساددا دېھقانلارنىڭ ئائىلىسىنى تەرك ئەتكەن ھېكايىسىنىمۇ ئاڭلىدىم. ئاپتورنىڭ دېگىنىدەك قىيامەت راستتىنلا شۇ ئىكەن. قىسقىسى، نادانلىق قىيامەت ئىكەن.

ئاپتور ئايروپىلان ئالمىشىش سەپىرىدە ئەزەربەيجان ئايرودرومىدا بىر قانچە سائەت ساقلايدۇ. مۇھەممەد فۇزۇلىي، ھەيدەر ئەلىيېۋ توغرىسىدا ئويلىنىدۇ ۋە ئوقۇرمەنلەرنى ھەيدەر ئەلىيېۋ ۋە سەمەد ۋۇرغۇن ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشقا چاقىرىدۇ. ئاپتورنىڭ چاقىرىقى بىلەن ھەيدەر ئەلىيېۋ توغرىسىدا بىر ئاز ئىزدەندىم. ھەيدەر ئەلىيېۋ ئەزەربەيجان تارىخىدىكى مۇھىم يولباشچىلاردىن بىرى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن تەختكە چىقىش ئۇچۇن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ شۇ چاغدىكى رەئىسى لېئونىد برېژنېۋغا ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن ياخشىچاق بولۇشقا ئۇرۇنغان ۋە تەدرىجىي ھالدا ئۆسۈپ، ئەزەربەيجان دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. بۇ قىلمىشلار برېژنېۋدىن كېيىن تەختكە چىققان گورباچېيوف تەرىپىدىن ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغىمۇ ياخشىچاق بولۇشقا تىرىشقان، ھەتتا يۈرەك كېسەللى بىلەن دوختۇرخانىدا ياتقىنىدىمۇ بۇ نىيىتىدىن يانمىغان. مېنىڭچە سەمەد ۋۇرغۇن بىلەن ھەيدەر ئەلىيېۋنى سېلىشتۇرغانلىق - ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن نۇر بەكرىنى سېلىشتۇرغاندەكلا بىر ئىش.

ئاپتور ئەنگلىيەگە بارغىنىدا، ئۇيەردىكى ئىنسانلار بىلەن بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئۆگىنىش ۋە ياشاش جەريانىدا ئاز بولمىغان سەرگۈزەشتىلەرگە ئۇچرايدۇ. بۇ جەرياندا ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنى سېلىشتۇرۇپ قارا - قويۇق ئەيىبلىمەستىن، بەلكى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك يەرلەرنى ئىنچىكىلەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا شەخسەن مۇھىم دەپ ئويلىغانلىرىم تۆۋەندىكىچە:

«ئۇلار ئىنجىل، ئادەت قانۇنى، شېكسپىر، بېكون، مىلتون، پاپىي، بۇرنىس ۋە سكوتلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن

نەقىل ئېلىپ سۆزلىشىدۇ.»[1]

ۋەتەندىكى چېغىمدا ئەتراپىمدا «يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىمىز شۇنداق دېگەنىكەن»، «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتىدۇكى...» دېگەندەك جۈملىلەرنى ھېچ ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم، بۇلارنى پەقەتلا ئەدىبلىرىمىز ۋە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايتتۇق. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردىن ئېلىنغان نەقىللەرنىمۇ جامائەتكە تەبلىغ بەرگەن ئۆلىمالاردىن ئاڭلايتتۇقكى، نورمال ھاياتتا بۇنداق ئەھۋال بىلەن ئۇچرىشىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. تاملارغا بولسا كوممۇنىزم شوئارلىرى، پىلانلىق تۇغۇت چاقىرىقلىرى يېزىلغانىدى. تەخمىنەن 2015-يىللىرى ئەلى قۇربانىنىڭ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلقئارا چوڭ بازاردىن ئۆتسە ھېچكىممۇ تونىمايدۇ» دېگەن ئەدەپسىزلىكى تۈپەيلىدىن، دۆلەتلىك 1-دەرىجىلىك پىسخىكا مەسلىھەتچىسى زىۋىدە ئابدۇكېرىم بۇ ئەدەپسىزلىككە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى مۇنازىرە خېلى ۋاقىتقىچە داۋام قىلغان ئىدى. ئەگەر ئاشۇ كەمسىتىلگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولمىغان بولسا، ئەلى قۇربان ئىسىملىك بۇ شەخس ئاللىبۇرۇن مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى «ۋاڭ ئەلى» دەپ ئاتاپ يۈرگەن بولاتتى. بىر قانچە كىتابتىن يادلىۋالغان چەتئەللىكلەرنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىنى ھەر لېكسىيىسىدە قايتىلاپ سۆزلەپ، ئازراق شۆھرەت تېپىپلا ئەدىبلىرىمىزنى «كونىلىق» ساناپ، ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالغانلارغا يەنىلا شۇ كونىلىرىمىزنىڭ «ئەسلى - ۋەسلىڭنى ئۇنۇتما، شىر - چورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دېگەن سۆزى بىلەن ئاگاھلاندۇرىمەن. ۋە ياشلارغا خىتابىم شۇكى، ئىنگلىزلار ئىنجىل ۋە بىكونلاردىن، تۈركلەر جامال سۈرەييا، مەھمەت ئاكىفلاردىن نەقىل كەلتۈرگەنگە ئوخشاش، بىزمۇ دىئالوگلىرىمىزدا «قۇرئان كەرىم» دىن، ھەدىسلەردىن، شاھانە ئەسەرلىرىمىزدىن، شائىرلىرىمىزدىن نەقىل كەلتۈرەيلى. ھېچ بولمىغاندا «يىللارغا جاۋاب» شېئىرىنى يادقا ئوقۇشنى بىلەيلى! چۈنكى دۇنيا مىقياسىدا ھازىرغا قەدەر ۋاقىتقا جەڭ ئېلان قىلغان ساناقلىقلا ئىنسان بار. لۇتپۇللا مۇتەللىپ شۇلاردىن بىرى.

«-زىيالىيلار يوق ئەمەس، لېكىن كۆپمۇ ئەمەس، مۇشۇ زىيالىيلارمۇ ھەمكارلىشىپ ئىش قىلىشنى ئۆگىنىپ بولالمىدى. بىرى يەنە بىرىنىڭ يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

-ۋاھ، ئىشىڭلار تولىمۇ كاچ ئىكەن، -دېدى ئېدمۇند.»[2]

تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 2-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقىنىمدا، يالقۇن روزى ۋە مۇختار بۇغرانىڭ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە بىر - بىرىگە قىلىشقان ھۇجۇملىرى ھازىرغىچە ئېسىمدە. يالقۇن روزى مۇختار بۇغرانى كۆچۈرمىكەشلىكتە ئەيىبلىگەن، ئارقىدىنلا مۇختار بۇغرا بايانات ئېلان قىلىپ ئۆزىنى ئاقلىغان ۋە يالقۇن روزىنىڭ «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق كىتابىنىڭ بىر قانچە بېتىنى ئىشلەشكە قاتنىشىپ قويۇپ، ئاپتورلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىۋالغانلىقىغا نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن. ھەر ئىككىلىسى تالانتلىق ئەدىبلىرىمىز. مەنچە داڭلىقلار خەلققە ئۈلگە بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ھەر قانچە ئۆتكۈر زىددىيەتتىمۇ

«زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن. ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى (شۇ كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) كېچىكتۈرىدۇ.»

ئىبراھىم سۈرىسى
42-ئايەت

1- 108-بەت
2- 66-بەت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى

ئورتاق نۇقتىنى تېپىپ چىقىپ مەسىلىنى ھەل قىلالايدۇ. بۇ زىددىيەتلەر دەۋا سېپىمىزدىكى تالاش - تارتىشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قارشى تەرەپنى دەۋا يولىدىكى ئورتاق سەپدىشى قاتارىدا كۆرمەي، دۈشمىنى قاتارىدا كۆرۈش، چېكىدىن چىققاندا «ئىشپىيون» دەپ ئەيىبلەش، ئوتتۇرىدا قالغان خەلقنىڭ زادى قايسى تەرەپنى قوللاش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشى قاتارلىقلار مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى. دەۋاسىدا چىڭ تۇرۇش ئۆزى خالىغان باشلامچىلارغا قارا - قويۇق ئەگىشىش ئەمەس، بەلكى كىشىنىڭ ئۆز قىممەت قارىشى ۋە ئېتىقادىغا ئەڭ ئۇيغۇن كەلگىنىنى تاللىشى ۋە شۇ يولدىن ۋاز كەچمەسلىكىدۇر. بىرلەشكەن قەلبلەرنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەردىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم.

«كۈنىمىزدە مۇساپىرەتكە ئۆزىنى بېغىشلىغان ھەر بىر ئادەم بىر ئىزچى بولالىغاندىلا، تالايلىغان قەشقەر كوچىسىنى زۇۋانىغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ھايات سودىسىنىڭ قاينىمىدا يۈتۈپ كەتسە، ئۇلارنىڭ دېرىكىنى قىلىپ، ئادەم ئىزدەش ئېلانى بېرىدىغانلار چىقماي قالمايدۇ.»[3]

ئەسەت سۇلايمان «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق ئەسىرىدە شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردىن بىرقانچە ئۇيغۇر قىزىنى خرىستىئان دىنىي قائىدىسى بىلەن يۇيۇندۇرۇپ، خرىستىئان مۇرتى ھالىتىدە شۋېتسىيىگە ئېلىپ كەتكەنلىكىدەك تارىخىي مەلۇماتنى بەرگەن. چوقۇندۇرۇلغان قىزلارنىڭ كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئېرىشكىلى بولمىغان. ھازىرغىچە مېنىڭمۇ ئەڭ قىزىققان مەسىلىلىرىمدىن بىرى مۇشۇ بولسا كېرەك. بەلكىم شۇ قىزلارمۇ كېيىنكى ھاياتىدا يۇرتىنى سېغىنغاندۇ، يۇرتىغا قايتىش ئارزۇسى بولغاندۇ... لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسىغا نېمە توسقۇنلۇق قىلغاندۇ؟ ۋەتەندە بېشىمىزدا كۆتۈرگەن، لېكىن چەتئەلگە چىقىۋېلىپ بېشىنى ئىچىگە چۆكۈرۈپ تىمتاس ياشاۋاتقان داڭلىقلىرىمىزمۇ يوق ئەمەس. ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ بۇ كىتابتا ئىسمايىل قادىرنىڭ «تەبىر سارىيى» ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ بولغان كۈنى كېچىسى بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈشىدە ئوت ۋە سۇغا بۆلۈنۈپ يېمىرىلىۋاتقان يەرشارىدا ئۆزىنىڭ ئوتقا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قولىنى سۇنغانلىقى، لېكىن بەزىلەرنىڭ سازلىققا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى يازىدۇ. ئەجەبا سازلىققا چۆكۈپ كەتكەنلەر ئەنە شۇ يات ئەللەردە تىمتاس ياشاشنى تاللىغانلارمىدۇ؟ ئوتقا چۈشۈپ كەتكەنلەرنى قانداق قۇتقۇزۇش كېرەك؟ ئاپتور چۈشىدە ئۆزىگە خىتاب قىلغان سۆگەت دەرىخىگە «ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزمىغانلارنى قۇتقۇزماق تەس» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. دۇنيا كۈنتەرتىپى قۇرۇلۇپ، ھەركىم ئۆز تېررىتورىيىسىدە مەزمۇت ياشاۋاتقان مەزگىللەردىمۇ كىملىكىمىز سورالغىنىدا خېلى ۋاقىتقىچە «قەشقەرلىك، ئاتۇشلۇق» دەپ جاۋاب بېرىپ كەلدۇق. ئەسەت سۇلايمان «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ» كىتابىدا ھەتتا بەزىلەرنىڭ «مەن، ئەلھەمدۇلىللاھ چەنتۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتىدۇ. تەلىيىمىزگە بەزى ئويغاق يولباشچىلىرىمىز ۋە تۈركولوگلارنىڭ تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە بۈگۈنگە ئۇلىشالىدۇق. روس تۈركولوگلىرى غەرەزلىك ھالدا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەركىزىي كۈچىنى تارقىتىۋېتىش نىيىتىدە ئۇلارنى ھەرخىل ئىرقلارغا بۆلۈۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا بۇ پۇرسەتنى بەرگەنمۇ يەنىلا ئۆزىمىز.

خۇسۇمەت، ئۆچ - ئاداۋەت، نادانلىق دەۋرى ئاخىرلاشسۇن. چۈنكى پىچاق سۆڭەككە يەتتى. بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنىڭ، ئورتاق گۈللىنىشنىڭ ۋاقتى كەلدى. ئۇيۇشقاقلىق، ئىناقلىقنى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە روناق تاپقۇزۇشنىڭ مەنبەسى نېمە؟ بۇ سوئالغا يەنىلا ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ كىتابىتىكى ئاخىرقى سۆزلىرى ئارقىلىق جاۋاب بېرىمەن: «بىز تەكىتلەۋاتقان ‹ئىناق جەمئىيەت› قاچان ئىشقا ئاشىدۇ؟ بىز ھە دېسىلا باشقىلارغا ئۆزىمىزنىڭ كۆزى بىلەن قارىۋالماستىن، ئۆزىمىزگىمۇ باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن قاراشنى ئۆگىنەيلى. شۇنداقلا باشقىلارنى شۇلارنىڭ ئۆز ئۆلچىمى بىلەن باھالاشنى بىلىۋالايلى. كۆزىتىش بۇلۇڭلىرى ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ تۇرسۇن. ئەنە شۇ چاغدىلا بىزدىكى كىبىر ۋە تەمەننا ئازلاپ، بىر - بىرىمىزگە باراۋەر ھۆرمەتتىكى گىرازدان بولۇپ كۆرۈنىمىز، كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتتىن ھەممىمىز ئۆز ئورنىمىزنى تاپالايمىز.

3- 280-بەت

# ئۆگىنىشنى ئۆگىنىش

ئادىل قاراخانلى
قەھرىمان ماراش سۈتچى ئىمام ئۇنىۋېرسىتېتى-ئىسلام ئىلىملىرى بۆلۈمى
ئانادولۇ ئۇنىۋېرسىتېتى-خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمى

ئۆگىنىش _ ئىنسان دۇنياغا كەلگەندىن ئېتىبارەن ئۆلۈمگە قەدەر داۋاملىشىدىغان بىر جەريان. ئىنسان ھاياتىدا نۇرغۇن نەرسىنى خالىغان بولسۇن، بولمىسۇن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆگىنىدۇ. ئۆگىنىش بىز ئەقلىمىزنى تاپقاندىن بېرى ئەڭ كۆپ تەكىتلەنگەن، ئۇنىڭ ھەققىدە ئەڭ كۆپ گەپ بولۇنغان ۋە ئەڭ كۆپ يېزىلغان بىر مەسىلە ئىكەنلىكىگە ھېچكىم ئېتىراز بىلدۈرمەيدۇ. بۈگۈنكىدەك ھەر كۈن، ھەر سائەت، ھەر دەقىقىدە بىلىملەرنىڭ بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان بىر زاماندا ياشاۋاتقانلىقىمىزمۇ ھېچكىمگە قاراڭغۇ بولمىسا كېرەك.

بۈگۈن ساغلام شەكىلدە يېيىش ئۆچۈنمۇ ئۆگىنىش، دەم ئېلىشنى جايىدا قىلىش ئۈچۈنمۇ ئۆگىنىش، ئىقتىسادچىل شەكىلدە ئويۇن-تاماشا قىلىش ئۈچۈنمۇ ئۆگىنىش كېرەك بولۇۋاتىدۇ. ئۆگىنىشنى ياقتۇرمىغانلارنىڭ جەمئىيەتكە تەڭپۇڭلۇق كۆرسىتەلمەي شاللىنىپ كېتىدىغانلىقىمۇ بىر ھەقىقەت.

تەكشۈرۈشلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئامازوندا 13 مىڭ 713 دانە سودا-سېتىق كىتابى، 17 مىڭ 352 دانە سىمىسىز خەۋەرلىشىشكە دائىر كىتاب، 20 مىڭ 392 دانە مائارىپقا ئالاقىدار كىتاب، 26 مىڭ 44 دانە ماشىنىسازلىق كىتابى، 24 مىڭ 140 دانە گرافىك لايىھەلەشكە ئالاقىدار كىتاب بار. بۇنىڭدىن باشقا ھەر ساھەدە مىڭلارچە كىتاب سېتىلىش ئۈچۈن چىقىرىلماقتا. ئەگەر بىرىمىز كۈندە ئۈچ سائەت ۋاقىت چىقىرىپ ئىنژېنېرلىق توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇماقچى بولساق 83 يىل ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرۈپ ئىككى يىلدىن كېيىن تېخنىك بىلىملەرنىڭ يېرىمىنىڭ يېڭىلىنىپ كەتكەنلىكىنى، ھەر كۈن ناشتىلىقتا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان ۋاقتىڭىزدا تۈنۈگۈنگە قارىغاندا 10 كىتاب، 3 مىڭ 400 بلوگ، ۋىكىپېدىيەدە 9 ماقالە ئېلان قىلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

## ئۇنداق بولسا نېمىنى ئۆگىنىمىز؟

بىز ئۆگىنىشنى ياقتۇرمىغانلارنىڭ جەمئىيەتتىن شاللىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق. دېمەك، ھازىر ئۆگىنىشنى ياقتۇرمىغانلار بىر چەتتە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۆگىنىشنى ئۆگىنەلمىگەنلەرمۇ جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىپ كېتىدىغان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز.

بۇ يېڭىلىنىۋاتقان ئىلىملەرگە يېتىشمەك، چەكلىك ھاياتىمىزدا چەكسىز ئىلىمنى قوغلىشىش ئۈچۈن ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز بەك مۇھىم. ئۆگىنىشنى ئۆگىنىش _ بىزنى جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن تەڭ مېڭىشىمىزغا، كۆزلىگەن نىشانىمىزغا بېرىپ بولغۇچە ھېرىپ قالماسلىقىمىزغا ياردەم بېرىدىغان ئاساسلىق ئامىل. شۇڭا بۈگۈن ئۆگىنىش ھەققىدە ئەمەس، ئۆگىنىشنى ئۆگىنىش ھەققىدە گەپ قىلىدىغان بىر ۋاقىتتۇر. بىزدەك قات-قات ۋەزىپىلەرنىڭ ئاستىدا قالغانلارنىڭ ئەلۋەتتە بۇ مەسىلىنى كۈنتەرتىپكە قويۇشى تېخىمۇ مۇھىم ۋە تەخىرسىزدۇر.

قېنى، سىزنىڭ بۇ تېما ھەققىدە نېمە ئويلايدىغانلىقىڭىزنى «شەپەق» سەھىپىلىرىدە بىز بىلەن ئورتاقلىشىشىڭىزنى كۈتىمەن!




زەكىيە سادىر

ئىستانبۇل ساباھەتتىن زەئىم ئۇنىۋېرسىتېتى
پسىخولوگىيە كەسپى ئوقۇغۇچىسى

# ئوقۇش ھاياتىمدىكى ئىسسىق-سوغۇقلار

مەن ئىستانبۇل ساباھەتتىن زەئىم ئۇنىۋېرسىتېتى، پسىخولوگىيە بۆلۈمى ئوقۇغۇچىسى . ئىنشائاللاھ بۇ يىل ئۈچىنچى يىللىقنى باشلايمەن. بۇ يەرگە كەلگۈچە بولغان ئازكەم 4 يىللىق ھاياتىمدا نەچچە ئون يىللىق تۇرمۇش دەرسلىرىنى ئۆگەنگەن بولدۇم. بەزى دەرسلەر مېنى ئاياغ ئاستىدا ئېزىپ چەيلەپ، قەددىمنى يايدەك ئەگكەن بولسا، بەزىلىرى پارقىرىتىپ تاۋلاپ، نەيزىدەك رۇسلىدى. بەلكىم يالغۇز مەنلا ئەمەس، مۇھاجىرەتتە ئاتا - ئانىسىز، مېھرىسىز، ئۆيسىز، پۇلسىز، ئىشسىز، ئوقۇشسىز، ...سىزلەر بىلەن ياشاش جەريانىدا ھەر بىرىمىزنىڭ نۇرغۇن قېتىملاپ ئۈمىدسىزلەنگەن، چۈشكۈنلەشكەن ھەتتا ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىغان ۋاقىتلىرىمىز بولغاندۇ. بۇلارغا قوشۇلۇپ بىز ئۈچۈن ئۇنىسىز ھالدا نى - نى قۇربانلىقلارنى بېرىۋاتقان سۆيۈملۈكلىرىمىزنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى بەزىدە گىرانىت تاشتەك يۈك بولسا، بەزىدە نۇر كەبى مەشئەل ھېس قىلىمىز. شۇنداقتىمۇ ھەر بىرەيلەننىڭ رەببىمىز بەرگەن تۈرلۈك سىناقلارنى رازىمەنلىك تۇيغۇسىدا قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە شۇ سىناقلارنى يېڭىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتىمىز بار. ئوكۇشسىزلىق، چارىسىزلىك ئىچىدە قان - زار يىغلاپ قاقشىساقمۇ، يەنىلا يېشىمىزنى سۈرتكەن ئۆزىمىز بولۇپ يىقىلغان يېرىمىزدىن تىك تۇرۇش مەجبۇرىيىتىمىز ھەم بار. مەن بۈگۈن دەبدەبىلىك، پاساھەتلىك سۆزلەردىن خالىي، ناھايىتى يەڭگىل، ئاددىي تىلدا مۇھاجىرەتتىكى ھاياتىمنىڭ پەقەت بىر قىسمىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىمەن. كىچىككىنە تەسەللىي ياكى ئۆرنەك بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

2017-يىلى يانۋار ئايلىرىدا «YÖS»[1] ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن «بىلتېز» دەرسخانىسىغا باردىم. ئۇ چاغلاردا چۈشتىن بۇرۇن فاتىھ سۇلتان مەھمەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل كۇرسىدا تۈركچە ئۆگىنىۋاتقان ئىدىم. شۇ يىللىق «بىلتېز» دەرسخانىسىدا ئېچىلغان ئەڭ ئاخىرقى سىنىپقا ئالاھازەل ئىككى ھەپتە كېيىن ئۈلگۈرۈپتىمەن. دەرس ئاڭلاپ بېقىشقا كىرگەن تۇنجى كۈنۈم مۇئەللىمنىڭ سۆزلىگەن دەرسلىرىدىن مىنۇس بىلەن پىلۇسنىمۇ چۈشىنەلمىدىم. دەرستىن كېيىن مۇئەللىم تۇرمۇشقا يېقىن مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئازراقلا تىرىشسام يېتىشىپ كېتەلەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئىلھام بەردى. لېكىن ئوقۇش پۇلى تۆلەيدىغان چاغدا تىلىم قىسىلدى. مىڭ تەستە ئۆزۈمنىڭ ماتېماتىكا ئۆگىنىشكە ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمنى، ئەمما ئىقتىسادىي

1-چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسىتېتكە كىرىش ئىمتىھانى

ئەھۋالىمنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، ئوقۇش ھەققىدە ئېتىبار قىلىشنى ئۆتۈندۈم. مۇئەللىملەر مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق مېنىڭ تاپشۇرۇقلارنى ۋاقتىدا ئىشلەش، دەرسكە تولۇق قاتنىشىش ۋە سىناق ئىمتىھانلاردىن يۇقىرى نومۇر ئېلىش شەرتى بىلەن ئوقۇش ھەققىنىڭ يېرىمىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ شەرتلەرگە تامامەن ئەمەل قىلالايدىغانلىقىمغا ئىشەنگەن مەن ئوقۇش باشلاپ كەتتىم ۋە مۇئەللىمنىڭ ھارماي - تالماي، ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈشلىرى جەريانىدا ماتېماتىكىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. (ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىشىمگە ئەڭ چوڭ ئاساس سېلىپ بەرگەن ھەببۇللا مۇئەللىمگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.) تەلىيىمگە مەن بازار ئايلىنىشنى، ئاچچىق يېيىشنى ياقتۇرمايدىغان بىرى، بۇ تەرىپىم نورمال قىزلارغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئېھتىياج تۈپەيلى چىقىپ قالسامۇ ئاران ئىككى سائەتكە چىدىيالايمەن. ئىشى بولمىسىمۇ «كۆزنىڭ پېتىنى ئۆلتۈرۈش» مەقسىتىدە كۈن بويى بازار ئايلىنالايدىغانلارغا قول قويىمەن. بۇ ئارتۇقچىلىقىمنىڭ سايىسىدە كۈنلىرىم پەقەت تۈركچە كۇرس ۋە «بىلتىز» ئارىسىدىلا ئۆتەتتى. تېخى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولالمىغانلىقىم ئۈچۈن نە ئوقۇغۇچىلىق ئېتىبار كارتام، نە تۇرمۇش ياردەم پۇلۇم بولمىغانلىقى ئۈچۈن قولۇمدا بارنى ئەڭ زۆرۈر يەرلەرگە ئىشلىتەتتىم، ئالدىراپ ئاپتوبۇسقىمۇ چىقمايتتىم، ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ كۈن چۈشلۈك تاماق يېيەم، قالغان كۈنلىرى يول بويىدىن بىر بوتۇلكا سۇ ۋە بىر تال **سىمىت** ئېلىپ يەيتتىم. «بىلتىز»دىكى دەرسىمىز كەچ سائەت 7 دە تۈگىسە، ياتاققا بېرىپ بولغىچە 8 بولۇپ قالاتتى-دە، سائەت بەشتە بېرىلىدىغان كەچلىك تاماق يا قالاتتى، يا قالمايتتى. ئىمتىھان مەزگىلىگە بىر - ئىككى ئاي قالغاندا تۈركچە كۇرسنى توختىتىپ پۈتۈن زېھنىم، ۋاقتىمنى ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشقا قاراتتىم. ئۈندىدار، ۋاتساپلارنى ئاساسەن تاقىدىم، يانفونۇمغىمۇ پۇل تۆلىمىدىم. ھەر كۈنى تاپشۇرۇقلىرىمدىن سىرت IQ مەشىق كىتابىدىن سائەت تەڭشەپ قويۇپ ئۈچ باب ئىشلەشكە تىرىشتىم. يەكشەنبە سەھەرلىرىمۇ ئۇخلىمايتتىم. كىچىككىنە ئۆيچە ئۆگىنىش قىلىش ئۆيىدە سەھەردە ئۆزۈم يالغۇز، جىمجىت تېخىمۇ راھەت ئۆگىنەلەيتتىم. شۇ تەرىقىدە ئاپرېل ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «YÖS» ئىمتىھانىغا كىردىم. نەتىجەمنىڭ ئۆزۈم خالىغان كەسىپكە يەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم، يەتكۈدەك كەسىپلەرنى ئوقۇشنى خالىمايتتىم. يازدا شۇ نەتىجە بىلەن «İZÜ»[2] نىڭ پسىخولوگىيە كەسپىگە تىزىملاتتىم ۋە «سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم - مەدەنىيەت ۋەخپىسى»نىڭ تەۋسىيەلىك ئوقۇغۇچىلىرى قاتارىدا ئىستانبۇل تىجارەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش كەسپىنىڭ يۈزتۇرانە ئىمتىھانىغا كىردىم. ئارىلىقتا ئىستانبۇل تۈركچىسى B2 سەۋىيىسىنى ئۆزۈم ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىپ C1 سەۋىيىسىنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. بىر كۈنى «İZÜ» ئوقۇغۇچىلار ئىشخانىسىدىن 50% لىك ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇچۇرىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئانچە خۇشمۇ بولالمىدىم، چۈنكى «İZÜ» دۆلەت مەكتىپى بولمىغاچ يىللىق ئوقۇش ھەققى 30 مىڭدىن ئاشاتتى. مەندەك ئائىلىسى ۋەتەندە، ئالاقىسى ئۈزۈلگەن، ئىستانبۇلدەك ئىستېمال سەۋىيىسى يۇقىرى بىر شەھەردە ئورۇق - تۇغقانسىز ياشاۋاتقان بىرىگە نىسبەتەن قوبۇل قىلىنغان كەسىپكە ئوتتەك ئىشتىياقى بولسىمۇ، 50% لىك ئوقۇش ھەققى ئاتەشلىرىگە مۇزدەك سۇ قۇياتتى. تىجارەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تولۇق ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن قوبۇل قىلىش، قىلماسلىقى نامەلۇم. تۈركىيەگە بەزى قېرىنداشلىرىمىزدەك ساياھەت ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى «ئۆمرۈمدىكى ئەڭ قىيىن قارارنى بەردىم» دېيەلىگۈدەك بىرلىرىدىن ۋاز كېچىپ ئوقۇشقىلا كەلگەنلىكىم ئۈچۈن «نېمە قىلسام قىلىپ ئالىي مەكتەپكە كىرىشىم كېرەك» دەيدىغان ئېغىر بەدەللەر بىلەن تولغان بىر خۇرجۇن يەلكەمنى بېسىپ تۇراتتى. بۇ ئويۇمنىڭ ئۆزىلا ماڭا يېتەرلىك بېسىم شەكىللەندۈرەتتى. تېڭىرقاش، چارىسىزلىك ۋە ھەرخىل بېسىملار ئىچىدە نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قايمۇقۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە بىر تېلېفون كەلدى.

مەن ئەسلى 2016-يىلى كۈز ئايلىرىدا ئىستانبۇلغا كەلگەن. بىر نەچچە ئاي ئۆتمەيلا تۇرۇۋاتقان يېرىمدىن

2-ئىستانبۇل ساباھاتتىن زەئىم ئۇنىۋېرسىتېتى

جددىي يۆتكىلىشكە توغرا كەلدى. يېڭى بولغاچ كۆپ ئادەم تونۇمغانلىقىم ئۈچۈن بىشىم قاتتى. تاھارەت ئېلىپ نىشانسىز سىرتقا چىقتىم، كوچىدىكى بىر - بىرىدىن ئالدىراش، سوغۇق، ناتونۇش چىرايلار مىسكىن قەلبىمگە يىغا ئۇلاشتۇراتتى. مېڭىپ فاتىھ جامەنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن، «نامازئوقۇپ چىقاي» دەپ ئايىغىمنى سېلىپ، بىشىمنى شۇنداق كۆتۈرۈشۈمگە 50 ياشلار چامىسىدىكى مۆلايىم كەلگەن، ئوتتۇرا بويى بىرى «ئۆزبېكمۇ سەن؟» دەپ مەندىن سورىدى. ئۇيغۇرلىقمنى، ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن بىر نەچچە ئۇيغۇر ھەدەشلەرنى تونۇيدىغانلىقىنى، نەدە تۇرىدىغانلىقىمنى ۋە نېمە قىيىنچىلىقىم بارلىقىنى سوراپ قالدى. شۇ چاغدىكى جىددىي ئېھتىياجىم بولغان تۇرالغۇ مەسىلىسىنى دېدىم. ئۇ كىشى مەن نامازئوقۇۋالغۇچە ئۆزىنىڭ جامە ھويلىسىدا ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىككى رەكەت نامىزىمدا ئاللاھقا سەممىي دۇئا قىلدىم. ئادەم ياماننىيەتلىك بىرىگە ئوخشىمايتتى، ئۆزى ئوسمانىيە تۈركچىسى ئوقۇتقۇچىسى ۋە تۈركىيە بىلەن ئافرىقا تەرەپلەردىكى ئەرەب دۆلەتلىرى ئارىسىدا بەزى دىپلوماتىك خىزمەتلەردە بولىدىغان، ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق بىرى ئىكەن. مەن مەسچىتتىن چىققاندىن كېيىن بىر نەچچە تونۇشلىرىغا تېلېفون قىلدى ۋە ئۈچ كۈن ئىچىدە بىر ۋەخپىنىڭ قىزغۇچىسى بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، تېلېفون نومۇرىنى بەردى. ئىككى كۈندىن كېيىن بىر ساۋاقدىشىم بىلەن باردۇق، 80 ياشتىن ھالقىغان، ھاسا بىلەن ماڭىدىغان، چوڭ دادام سۈپەت بىرىكەن، فاتىھتىكى بىر ئوقۇغۇچىلار ئۆيىگە ھەقسىز ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى. ئاللاھ ئۇ كىشىلەردىن رازى بولسۇن.

تېلېفون ھېلىقى جامەدە ئۇچراپ قالغان مۆئەللىمدىن كەلگەن ئىدى. ئەھۋالىمنى بىرەر قۇر دېگەندىن كېيىن «İZÜ» دە بىر پروفېسسورنى ياخشى تونۇيدىغانلىقىنى، شۇنى ئىزدىسەم ياردىمى تېگىدىغانلىقىنى دېدى. ئەتىسىلا پروفېسسورنى ئىزدەپ مەكتەپكە باردىم. پروفېسسور ئۇنىۋېرسىتېت باشلىقىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئاساسەن مەكتەپتىكى پۈتۈن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشلۇق بولغان مۆھەممەد ھەرب ئىدى. مەن ئۆزۈمنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ، كېلىش سەۋەبىمنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇنىۋېرسىتېت باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى پروفېسسور ئارىف ئەرسويىنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىمنى، ھەقسىز ئوقۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىش توغرۇلۇق پاراڭلاشتى. شۇ كۈندىن كېيىن مەندە قايتا ئۈمىد نۇرى چاقناشقا باشلىدى. بىرى مەسلىھەتچى، بىرى ياردەمچى بولغانلىقىدىن ئۇلارغا بۇدۇشقاقتەك چاپلاشتىم. تاللىغان كەسپىم ئىنگلىزچە ۋە تۈركچە دەپ ئايرىلاتتى، تۈركچىنىڭ 75% لىك ئوقۇش مۇكاپاتى بولسىمۇ، ئىنگلىزچىنىڭ يوق ئىدى. 50% تىن براقلا 100% كە ئېرىشىش ئۈنچە قولاي ئىشمۇ ئەمەستى. ھەپتىدە بىرەر ئىككى قېتىمدىن توختىماي دىككىڭلاپ بېرىۋەردىم. تولۇق ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن قوبۇل قىلىنىپ قالسام، بەك تىرىشىپ ئوقۇيدىغانلىقىمنى، يۈزىنى يەردە قويمايدىغانلىقىمنى، بۇ كەسپىنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى تولا دەپ مېنى كۆرسە گەپ سورىمىسىمۇ بولغۇدەك دەرىجىدە زېرىكتۈرۈۋېتىمۇۋەتتىم. «ئىككىنچى ھەپتىسى كەلگىن» دەپ چىقىرىۋەتسىمۇ، بىرىنچى ھەپتىسىلا ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا زەبانىيلەردەك قادىلىپ تۇرىۋېلىپ، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغىچە تونۇشلۇق بولۇپ كەتتىم، ھەتتا ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرىنىڭ بىناسىدا نۆۋەتچى بولۇپ ئالمىشىپ ئىشلەيدىغان ئامانلىق قوغدىغۇچىلىرىمۇ «نەگە بارىسەن؟ كىم بىلەن كۆرۈشىسەن؟» دەپ سورىمايدىغان بولدى.

شۇ تەرىقىدە ئەڭ ئاخىرقى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئىشخانىسىدىن تولۇق ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن قوبۇل قىلىنغانلىقىمنى ۋە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئېلىپ ئەتىدىن قالماي تىزىملىتىشىم كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. ئەتىسى ماتېرىياللىرىمنى قۇچاقلىغانچە ئوقۇغۇچىلار ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا تۇراتتىم، «سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ـ سىم ۋەخپىسى» رەئىسى دوكتور ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تېلېفون قىلىپ، تىجارەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تولۇق ئوقۇش

مۇكاپات پۇلى بىلەن قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ماگىا كارخانا باشقۇرۇش كەسپىگە قارىغاندا پسىخولوگىيەنىڭ بەكرەك ماس كېلىدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىلدى. («سىم ۋەخپىسى»دىكىلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئەجىر ۋە تىرىشچانلىقلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئاخىرەتلىك ئەجىرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى شۇلەرنىڭ بولغاي!)

ئاۋۋال ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، كېيىن پروفېسسورلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئالىي مەكتەپ ھاياتىم باشلاندى. ئۇلارغا رەھمىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن پروفېسسور مۇھەممەد ھەربىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلسەم، بىر مېھمىنى باركەن. سىرتتا بەش مىنۇت ساقلاپ تۇرۇشۇمنى دېدى. ئۇ ئارىلىقتا مېھمىنىغا مېنىڭ كىملىكىم، ئەھۋالىم ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ كىشى 45 ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بويلۇق ئەرەب بولۇپ، شۇ پروفېسسورنىڭ ئوقۇغۇچىسىكەن. دادامنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئىماملىقىنى، ھازىر خىتتاينىڭ لاگېرىدا ئىكەنلىكىنى، ھېچقانداق ئالاقەمنىڭ يوقلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ماگىا ئۆزىنىڭ قىزى سۈپىتىدە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئايالى بىلەن ئىزدەپ كېلىپ، مەكتەپنىڭ ياتىقىدا تۇرسام بىخەتەر ھەم قولاي بولىدىغانلىقىنى دەپ، ياتاق مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتى. مەسئۇل بولغۇچىلار مېنىڭ تولۇق ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن قوبۇل قىلىنغانلىقىم ئۈچۈنمۇ، ياكى يات بىر مىللەتنىڭ ياردەم قىلماقچى بولغىنىدىن تەسىرلەندىمۇ ياتاق ھەققىنى يېرىم باھادا قىلىپ بېرىدىغان بوپتۇ. ئەتىسى ئۇ ئادەم مېنى فاتىھتىن كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ قويدى. شۇ مەكتەپتە ئىقتىساد بۆلۈمىدە ئوقۇيدىغان ئوغلىغا تونۇشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ئاتا - ئانام، باللىرىنى قېرىنداشلىرىم قاتارىدا كۆرۈشۈم كېرەكلىكىنى قايتا - قايتا جېكىلەپ ، ئۆزىنىڭ مەكتەپكە بەك ئاز كېلىدىغانلىقىنى، بىرەر جىددىي ئىش بولسا ئوغلىغا ئۇدۇل دېسەم بولىدىغانلىقىنى قۇلىقىمغا قۇيۇۋەتتى. ئوغلى مەندىن نەچچە ياش كىچىك، ناھايىتى چىقىشقاق بىرىكەن، نەدە ئۇچراپ قالسام شۇ يەردە ئاتايىن ئەھۋال سوراپ قىز ساۋاقداشلىرىغا




«benim kardeşim, ablam» دەپ تونۇشتۇراتتى. قارشى تەرەپ تىپىك ئاسىيالىق بولغان ماگىا بىر، سېپىي ئۆزىدىن بولغان ئۇ دادا باشقا، ئانا بۆلەك ئەرەب «قېرىندىشىمغا» بىر قارىغىنىدا قايتىدىن چۈشەندۈرەتتى...

مۇشۇ تەرىقىدە ئىنگلىزچە تەييارلىقنى پۈتتۈرگىلى نەچچە ئاي قالغاندا، ياتاقنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىمى چاقىرتىپ، ئۆز ۋاقتىدا ياتاق ھەققىنىڭ تۆلەنگەن تالونىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە سىستېمىغا كىرمىگەنلىكىنى، «تۇتۇق دادام» بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. مەن ئۇ ئادەمگە «ياتاق پۇلۇمنى تۆلىمەپسىز» دېيەلمەيدىغانلىقىمنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىزدىشىنى ئۆتۈندۈم. كېيىن بىلسەك، ئۇ كىشىنىڭ ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقاندىكى ئوقۇش قەرزى باركەنتۇق، ماگىا ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىدا تۆلىگەن پۇلنى مەكتەپ پۇرسەتنى ياغدەك بىلىپ گاچچىدە قەرزگە تۇتۇۋاپتۇ، خېلىلا راھەتلەپ قالدىم. ياتاق مەسئۇللىرىمۇ «چىق» دېمىدى. شۇ باھانىدە «تۇتۇق دادام» نىڭ قەرزىمۇ تۆلەنگەن، مەنمۇ ھەقسىز تۇرغان بولدۇم. بۇ جەرياندا ياتاققا كۆچۈپ كېلىپ بىرەر - ئىككى ئاي ئۆتۈپلا تاماقلىرى ماس كەلمىدىمۇ؟ ياكى ۋەتەندىن كەلگەن ئەڭ چوڭ شۇم خەۋەر تەپتىمۇ؟ بىلەلمىدىم. بەدىنىمگە بىر نەرسىلەر ئۆرلەشكە باشلىدى. چىدىغۇسىز دەرىجىدە زامان، ماكان تاللىماي قىچىشاتتى،

قاشلىسام ئىچىشىپ قانايتتى. چىققان قاننى قەغەزدە سۈرتكەچ ئەيىۋب ئەلەيھىسسالامنى ئەسلەپ سەۋر تىلەيتتىم. ھەرخىل دورىلارنى ئىچىپ باقتىم، مەلھەملەرنى سۈرۈپ باقتىم، كارغا كەلمىدى. جىمجىت ئولتۇرۇپ يىرىم سائەت ئۆگىنىش قىلالمايتتىم. پاچاق، بىلەكلىرىم بىرى دۇمباللىغاندەك كۆكىرىپ كەتتى. ئىسسىقتا شىددەت بىلەن قوزغىلاتتى، قىشتا شۇنچە توڭلاپ تۇرساممۇ نىپىز كىيىنەتتىم، سوغۇق سۇدا تاھارەت ئالاتتىم. قوزغالغىنىدا ئىككى قولۇم يېتىشمەي تارام - تارام يىغلايتتىم. ھەر كۈنى ئويغانسام كىيىملىرىم قان دېغى قوپاتتىم. قول بارماقلىرىمنىڭ ئارىسى يېرىكلىشىپ، چاك - چاك كېسىلىپ كەتتى، بىرەر يەردە قولۇمنى چىقىرىشتىنمۇ ئەيىۋلاتتىم. ساق ئالتە ئاي دەردىنى تارتقاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ شىپاسى بىلەن بىر دورا پايدا قىلىپ قالدى. لېكىن خىمىيىلىك دورىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى، يەپ ئون مىنۇتقىچىلا كۈچىنى كۆرەتتىم. ئىككى ئاي كۈندە بىر تالدىن يېدىم. بۇمۇ ساقايدى، ئۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

تەييارلىقنى بىر يىل تاماملاپ 2018-يىلى كەسپىي ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمنىڭ ھاياجان بىلەن تۇغۇلغانلىقىنى بىلىپتىمەن-يۇ، ئىجتىمائىي ھاياتىمنىڭ دەپنە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلەلمەپتىمەن. تۈنجى ھەپتىسى دەرسكە كىرگىنىمنى بىلمەن، ھېلىقى ھاياجان نەدە قالسۇن؟ «ئۆزۈمنى چاغلىماي بۆلۈمنى خاتا تاللاپ قويغان ئوخشايمەن» دەپ نەچچە يىغلاپ چىقتىم. تەييارلىقتا ياخشى ئوقۇمىدىممىكىن دېسەم، خېلى ئوبدان تۈگەتكەن، تەتىلدە يەپ بولدۇممىكىن دېسەم، مۇئەللىملەرنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقانلىرىنى ھېچ ئاڭلاپ باققاندەك ئەمەس. ياردەم سوراي دېسەم، بۇ مەكتەپتە مەندىن بۇرۇن بۇ كەسىپتە ئوقۇغان بىرەر تونۇش - بىلىشىمۇ يوق. «تەتىلدە تەييارلىقنى تۈگەتتىم» دەپ خۇددى ئالىي مەكتەپ دىپلومى ئېلىۋەتكەندەك ھېسسىياتتا يۈرگەن ئوخشايمەن. يا قۇلىقىمدىن تۇتۇپ «كەسپىي دەرسلەرنىڭ تىلى ئوخشىمايدۇ، نەزەرلىرىنى بىر لەپپىدە بولسىمۇ تاشلاپ قويساڭلا خېنىم» دەپ پەند - نەسىھەت قىلىدىغان بىرەرسىمۇ چىقماپتۇ. ئىشقىلىپ يىغلاپ، قاقشاپ يۈرۈپ قايسى كۈنى، قايسى مۇئەللىم، قايسى بىنادا... دېگەنلەرنى بىلىپ بولغۇچە بىرەر ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئىنگلىزچە سەۋىيەم ھەقىقەتەن يېتىشمىدى. كەسپىي دەرسلىرىم تۈگۈل، كۈندىلىك پاراڭلىشىشتىمۇ قىينىلاتتىم. بىر نەچچە ساۋاقداشىم «سەن تەييارلىقتىن قانداق ئۆتتۈڭ؟» دەپ سوراپ قوياتتى. بۇ سوئالنى ئۆزۈممۇ تولا سوراپ «شۇنى دېگىنە، كاشكى ئۆتەلمەي قايتا ئوقۇساممۇ بوپتىكەن» دەپ قوياتتىم. ئالىي مەكتەپتە بىر دەرسنىڭ ھەپتىدە بىر قېتىملا ئۆتۈلىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىماپتىكەنمەن. قارىسام ھەممىسى ئىمتىھان سارىسىمىگە چۈشكىلى تۇرۇپتۇ. ئوخشىتىپ پسىخولوگىيە بۆلۈم بالىلىرى باشقىچىلا، باشقا بۆلۈملەرنىڭكىگە ئوخشاش ھەمكارلىشىپ، ياردەم قىلايمۇ دېمەيدۇ. بىر - بىرىدىن ئۆتە رىقابەتچى. ئۆزۈمگە تايانماي قانداق قىلىمەن؟ يۇلغۇن تور بېتىدىن لۇغەت ئىزدەپ، تاپقىنىمنى ئۇدۇللۇق يېزىۋېرىپ، كىتابلىرىمدا ئاپتورنىڭ خەتلىرىگە قارىغاندا مېنىڭ خېتىم جىقلاپ كەتتى. تېخى ئۇ چاغلاردا يۇلغۇننىڭ «تورمۇزى» بار ئىدى، «بۇگۈنلۈك نورمىڭىز توشتى» دەپ ئىشلىمەيتتى. ھېلىقى 24 سائەتلىك نورما توشۇپ بولغۇچە مەن




بىچارە يېڭى سۆزلەرنى ئىزدەپ تۈگىتىپ بولالمايتتىم. ھازىر يۇلغۇننىڭ تورمۇزى تۇتمايدۇ، ئۆزىمىز پۇت تىرەپ توختاتمىساق مىڭىۋېرىدۇ.

بۇ يەردە پسىخولوگىيە بىرىنچى يىللىق تۈنجى مەۋسۇمنىڭ دەرسلىرىنى تونۇشتۇرغاچ ئوقۇتقۇچىلىرى ھەققىدىمۇ يۈزەكى چۈشەنچە بېرىپ ئۆتەي. مېنىڭ كەسپىي دەرسلىرىم ئىسلام ئىلىملىرىدەك كۆپ ئەمەس

ئەمما ھەممىسى 5/6 كرېدىتلىق دەرسلەر بولۇپ، ھەر بىرى ئۈچ سائەت داۋاملىشىدۇ. ئوتتۇرىچە نومۇرىڭىزنى يۇقىرىلاتسىڭىز ماشىنىنىڭ ماي پېدالىغا دەسسىگەندە ئۆرلەيدىغان سۈرئەت كۆرسەتكۈچتەك ۋاششىدە ئۆرلەتسە، سەل خىرامانلىق قىلغىنىڭىزدا تۆۋەنلىتىپ قالسىڭىز قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ئاچچىقاي دېگەندە، ئېھتىياتسىزلىقتىن تەتۈر چۆرگۈلەپ چۈشۈپ كەتكەن سۇ چېلىكىدەك شالاقىدە چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بۆلۈم دەرسلىرىمنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسى، ئاتا تۈرك تارىخى ۋە يۇقىرى سەۋىيە تۈركچە دەرسى بولۇپ، بۇ ئىككىسى ھەممە مەكتەپتە، پۈتۈن بۆلۈملەرگە ئورتاق مەجبۇرىي دەرس. تەلىيىمگە بۇ ئىككىسىنىڭ تىلى تۈركچە بولغاچ دەرسلىرىم ئىچىدە ئەڭ ئاسانلىرى ھېسابلىنىدۇ، ھەم نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى قىزىقىش ئىچىدە ئۆگەندىم.

ئۈچىنچىسى، ئۇنىۋېرسىتېت ئورتاق تاللىما دەرسلەر. 2019-يىلىدىن باشلاپ بۆلۈمىڭىز قايسى تىلدا بولسا شۇ تىلدا ئۆتىلىدىغان تاللىما دەرس تاللىشىڭىز شەرت قىلىندى.

تۆتىنچىسى، يۇقىرى سەۋىيە ئىنگلىزچە دەرسى. بۇ ماڭا نىسبەتەن ئەڭ ئۇنۇمسىز دەرس بولدى. ئوقۇتقۇچىمىز قانداق قىلىپ قوبۇل قىلىنىپ قالدى ؟ بىر خۇدايىم، بىر ئۆزى بىلەر. 2018-يىلى 1-يىللىقتا ئىنگلىزچىگە ئائىت دەرس ئوقۇپ قالغان پۈتۈن ئۇيغۇر باللارغا تونۇشلۇق، ئەمما مەن ئىسمىنى بىلىۋېلىشقىمۇ ئۈرۈنمىغان، ئەسلى ئوسمانىيە تۈركچىسى ئوقۇتقۇچىسى بىر كىشى. ئىنگلىزچە تەلەپپۇزىدىن ئېغىز ئاچقىلى ئەسلا بولمايدۇ. دەرستە ئىنگلىزچە ئۆگىتەلمىدىغان! ئورنىغا ئوسمانىيە تۈركچىسى ئۆگەندۇق. بۇ مۇئەللىمنىڭ قانداق دەرس ئۆتۈپ، قانداق ئىمتىھان ئالىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلىدۇ. ئىككى - ئۈچ ھەپتىدە بىر سىناق ئىمتىھان ئالىدۇ، ئىمتىھاندا بىر بۆلۈم بار، ئىنگلىزچە سۆز بېرىپ ئاستىغا قايسىسىنىڭ توغرا تەلەپپۇزى ئىكەنلىكىنى سوراپ 4 تاللاش بېرىدۇ. ترانسكرىپسىيەسىنى تۈركچە ھەرپلەر بىلەن يازىدۇ. بىر - ئىككى قېتىملىق سىناقتىن كېيىن قايسى تاللاشتا «ö,ş,ç» ھەرپلىرى بولسا شۇنى تاللايدىغان بولدۇق، چۈنكى مۇئەللىمچە توغرا ئىدى.

تېخى ئاڭلىسام بىر سىنىپتىكى باللارغا رەسىملىرىنى ئەۋەتكۈزۈپ نومۇر قويۇپتىمىش. شۇ يىلى ئەڭ كۆپ شىكايەت يېگىنى شۇمىكىن، «ھامىنى قوغلىنىدۇ» دەپ ئويلايتتۇق، كېيىنكى يىلى يەنە يۈرۈدۇ، كەينى تېرىكى كۈچلۈكمىكىن، تاڭ؟!

بەشىنچىسى، جەمئىيەتشۇناسلىققا كىرىش. بۇ مۇئەللىم ئۇكرائىنالىق، ئىنگلىزچە سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن سۇدەك سۆزلەپ نېمە دەۋاتقىنىنى تۇتۇپ ئۈلگۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ، ھەتتا كۆپىرەك بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئالدى بوغۇملىرى ئالدىدىكى سۆزگە، كەينى بوغۇملىرى كەينىدىكى سۆزگە ئۇلاقلىق چىقىدۇ. ئىشقىلىپ «ئوسمانىيە تۈركچىسىدىن» ياخشى. دەرسنىڭ ئىسمىدىنمۇ كەڭ دائىرىلىكلىكى چىقىپ تۇرغىنىدەك جەمئىيەتلەر ۋە مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، كۆزقاراش، ئىقتىساد، يېزا ئىگىلىكى ...لەردىكى پەرقلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچ تىلى ئەڭ مۇرەككەپ دەرسلەرنىڭ بىرى.

ئالتىنچىسى، پسىخولوگىيەگە كىرىش. بۇ ئەڭ پېشقەدەم، پسىخىكلىق مەسىلىلەرگە ئىسلامىي نۇقتىدىنمۇ قارايدىغان، مالايشىيادىن تەكلىپ قىلىنغان ئارىلاشما قانلىق، بىلىمى ۋە تەجرىبىسى بار، ئەمما دەرسنى سىنىپلارنىڭ سېمونت تېمىدەكلا سوغۇق ئۆتىدىغان، تەلەپپۇزى ھىندىستان ئىنگلىزچىسى بولغان بىر مۇئەللىم. ھەر ھالدا «تۈركىيە ئىنگلىزچىسى» دەپ بولمىغاچقىمىكىن «ئوسمانىيەچە» نىڭكىدىن نورمالراق ئاڭلىنىدۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ بىرى ئەرەب، بىرى ھىندى، ئەمما ئۆزى مالايشىيا پۇقراسى، يولدىشى ئافرىقىلىق. بۇزرۇكۋارلىرىنىڭكىنى دېمەيلا قوياي، بۇلار بەش قېرىنداش بولۇپ ھەممىسى ئوخشىمىغان بەش ئىرق بىلەن نىكاھلانغان. تازا ئەپلەشتۈرۈپ بەش ئوغلى بار، بەش مىللەتتىن كېلىنى بولىدىغاندەكلا...

يەتتىنچىسى، دەرسلىرىمنىڭ قاتىلى بولغان ستاتىستىكا. ئون نەچچە يىل بۇرۇن پەننىي دەرسلەرنى باشلانغۇچتىلا تاماملىۋەتكەن مەن ستاتىستىكا دېگەن

www.uyghurkitap.com

نەرسىنىڭ شولىسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. دەرستە نە مۇئەللىمنىڭ سۆزلىگىنىنى چۈشىنەي، نە دوسكىدىكى فورمۇلالارنى! توردىن ئىزدەپ كۆرۈپ باقساممۇ، ئاساسىنى بىلمىگەچ ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە يېتىشكىلى بولمىدى. ئۇنىڭغا قوشۇپ «SPSS» دەپ بىر پروگرامما ئۆتەتتى. بۇ دەرستە تەجرىبە ئۇچۇرلىرىنى قانداق توپلاش، ئۇچۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا قايسى فورمۇلانى ئىشلىتىش، قانداق كودلاش، قانداق نەتىجىگە ئېرىشىش ۋە نەتىجىنى قانداق ئانالىز قىلىشلار سۆزلىنىدۇ. نەزەرىيە دەرسىنى پروگراممىغا ئىشلىتەلمەي، پروگراممىنى بىلىدىغان بىرەرسىنى ئىزدىدىم. بىر ھەدىمىزدىن سورىسام، «بىزگە ماگىستىرلىقتا ئۆتكەنتى، ھازىرغۇ ئۇنتۇپ كەتتىم» دېيىشى بىلەن دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى. كېيىن بۇ پروگراممىنى ئىككىنچى يىللىقتا «تەتقىقات مېتودلىرى» دېگەن دەرستە ئىشلىتىپ، ئۈچەي - باغرىنى يېرىۋەتتۇق. بۇرھان مۇئەللىمنىڭ يېنىغا دەردىمنى ئېيتىپ كىرسەم، ستاتىستىكىغا ئالاقىدار يوغان، رەڭلىك كىتابتىن بىرنى بەردى. ئۆزۈمنىڭ سەۋىيىسىگە يارىشا پايدىلاندىم. يۇتيۇبتا تۇيۇقسىز مانچە يىل بۇرۇن بىر ئۇيغۇرنىڭ سۆزلىگەن ئون نەچچە سىنلىق بىر قانىلىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. سىنلار يېتەرلىك بولمىسىمۇ ئانا تىلىمدا چۈشەندۈرۈلۈشى بىر ھاياجان بېرەتتى. كېيىن ئىككى تونۇشۇم ھالىمغا ئىچ ئاغرىتىپ، ۋاقتىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىدىغان بولدى، كېلىپ - كېتىشىمگە ئۈچ سائەت ۋاقىت كەتسىمۇ خۇش بولۇپ نەچچە قېتىم بارغان بولدۇم. ئەڭ قىيىن كەلگەن دەرس مۇشۇ بولغاچ ھەر قېتىم بىرىنچى رەتتە ئولتۇرۇشقا تىرىشتىم. مۇئەللىم دوسكىغا نېمە يازسا، گەرچە بەزىلىرىنى ئوقۇيالمىسامۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىپراق بولسىمۇ قويماي يازاتتىم. چېكىت قويسا چېكىت، سىزىق تارتسا سىزىق...

بۇ كىشى، «گۇگۇل» لەقەملىك، گەپ قىلىشتىنمۇ ئەيمەنگۈدەك دەرىجىدە سۈرلۈك، گويى قىممەتلىك بىر ئوقۇتقۇچىمىز ئىدى. «باشقا كەلگەندە باتۇر» بولۇپ، بىلەلمىگەن نېمە بولسا ۋاقىت تاللىماي سوراۋەردىم، «ئادەمسىمان گۇگۇل» دىن مىساللىرى بىلەن ئېزىپ - ئىچۈرگۈدەك تەپسىلىي جاۋابلار كېلەتتى. بۇ ئۆتكەللەردىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋېلىشىمدا كۆپ ئەجرى بولدى، ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

ئىمتىھان مەزگىلى رەسمىي كەلدى. نورمال ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئىبارەت بىرلا بېسىمى بولسا، مېنىڭ ئايلىق ئوقۇش ۋە تۇرمۇش ياردەم پۇلۇم نەتىجەمگە باغلىق بولۇپ ئىككىسى تەڭ باساتتى. ئۇخلاۋاتقىنىم ئۇيقۇمۇ، يەۋاتقىنىم تاماقمۇ؟ بىلمەيمەن، ھېچقايسىسىنىڭ تەمى يوق. بۇ جەرياندا بىر قېتىم ياتاق بىلەن كۇتۇپخانىنىڭ ئارىلىقى 7 مىنۇت چىقسىمۇ، ئۇدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز كۇتۇپخانىدا قاپتىمەن. شۇنچە يوقاپ كەتسەم، ياتاق مەسئۇللىرى ئىز - دېرىكىمنىمۇ قىلىپ قويمىغان گەپ! بوپتۇ ئەمدى دادام - ئانام بولمىغاندىكىن ئاغرىنىشقا ھەققىم يوق. كۇتۇپخانىدا بولغان ئىشلارنى كېيىنكى سانلىرىدا ئايرىم بىر تېما قىلىپ يازىمەن، ئىنشائاللاھ. ياتىقىمغا كىرىپ ئەينەككە قاراپ باقسام، چىرايىم ھازىرلا گۆردىن چىققاندەك، كىيىملىرىم گارمونىدەك بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ تىرىشقانغا چۇشلۇق نەتىجىلىرىم مەن ئويلىغاندىكىدىنمۇ ياخشى چىقتى. ياراتقۇچىنىڭ، ھەركىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھىممىتىگە قارىتا مېۋىسىنى بېرىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆردۈم ۋە چەكسىز ھەمدۇ - سانالار بىلەن بىرىنچى يىللىقنىمۇ تۈگىتىۋالدىم.





## مىنىڭ كەسپىم



# ئىسلام ئىلىملىرى كەسپى

ئىلمىنۇر تۇرسۇنىياز
ئىستانبۇل ساباھەتتىن زەئىم ئۇنىۋېرسىتېتى
ئىسلام ئىلىملىرى ماگىستىر ئاسپىرانتى

ئۇيغۇر مىللىتى تارىختىن بۇيان ئىسلامنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقان بىر مىللەت. ۋەتىنىمىزدە ئىسلام ئىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشتىن چەكلەنگەنلىكىمىز ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە مۇھىملىقىنى يوق قىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا بولغان ئىنتىلىشىمىزنى كۈندىن - كۈنگە ئاشۇرغان. بۇ ئىلىمگە بولغان ئىنتىلىشىمىز، تەشنالىقىمىز تۇپەيلى ئانا يۇرتتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇق.

ۋەتىنىمىزدىكى دىنىي مائارىپ بىلەن تۈركىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى ئىسلام ئىلىملىرى دەرسلىرى ئارىسىدا زور پەرقلەر بار دېيىشكە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى مائارىپ سۈپىتى ۋەتەندىكىگە قارىغاندا ئىنتايىن سىستېمىلىق؛ قۇرئان، ھەدىس، سىيرەت (پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى)، تارىخ، بالاغەت ئىلمى، كالام ئىلمى ۋە فىقھىي بىلىملىرى بىلەن بىرگە دىن پسىخولوگىيىسى، دىنلار تارىخى، دىن جەمئىيەتشۇناسلىقى، پەلسەپە دېگەندەك سەرخىل ساھەلەر بىلەن ئالاقىلىك دەرسلەرمۇ ئۆتىلىدۇ. ئەگەر سىز خالىسىڭىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن پسىخولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، دىنلار تارىخىغا ئوخشاش باشقا ساھەلەردە ماگىستىرلىقتا ئۆرلەپ ئوقۇيالايسىز. ئىسلام ئىلىملىرى بۆلۈمىنىڭ ئاخىرقى يىلى مەكتەپلەرگە بېرىپ پراكتىكا قىلىش بىلەن بىرگە ئوقۇغۇچىلارنى دەرسكە قانداق قىزىقتۇرۇش، ئوقۇتقۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك تاكتىكا توغرىسىدا دەرسلەر ئوقۇيسىز. شۇڭلاشقا مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىشنى خالىسىڭىز باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە خىزمەت قىلالايسىز. جەمئىيىتىمىزدە ئىسلام ئىلىملىرى ئوقۇغۇچىلىرىنى «پەقەتلا دەۋەتچى بولىدىغانلار» دەپ قارايدىغان ياكى «ئىسلام ئىلىملىرى بۆلۈمى ئاتايەن ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇمىسىمۇ بولىدىغان ئاسان بىر كەسىپ» دەيدىغانلار يوق ئەمەس. دۇنيادا ھېچقانداق

www.uyghurkitap.com

ئاسان ئىش بولمىغىنىدەك، قايسى بۆلۈمنى ئوقۇغان بولۇڭ ھېچقانداق ئوقۇشنىڭمۇ ئاسىنى يوق. ھەتتا ئىسلام ئىلىملىرى بۆلۈمى ئوقۇش ئەڭ قىيىن بۆلۈملەردىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۈستىدە سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك، بۇ بۆلۈمدە ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن ساھەلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. ئىسلام ئىلىملىرى بۆلۈمنى، ئىسلامنى قانداق چۈشىنىمىز؟ ھاياتىمىزغا قانداق تەتبىقلايمىز؟ ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئىسلام دىنىنى قانداق ياشىتىمىز؟ كېلىۋاتقان ھۇجۇملارغا قارشى قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟ قاتارلىق تېمىلارغا جاۋاب تېپىش بىلەن بىرگە ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە پسىخولوگىيە پەنلىرى بىلەن باغلىنىشىنى تەتقىق قىلىدىغان كۆپ يۆلىنىشلىك مۇھىم بىر ئىجتىمائىي پەن بۆلۈمى دېسەك مەنچە خاتالاشقان بولمايمىز.

مەيلى سىز قايسى بۆلۈمدە ئوقۇۋاتقان بولۇڭ، ئوقۇۋاتقان بۆلۈمىڭىزنى ياخشى كۆرۈپ ئوقۇڭ! چۈنكى قىلغان ئىشىڭىزنى سۆيگۈ بىلەن قىلغان ۋاقتىڭىزدا ھېچقانداق ئىش سىزگە قىيىن كەلمەيدۇ. ئاخىرىدا مىللىتىمىزنىڭ ۋە مائارىپىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تىرىشىپ ئوقۇۋاتقان بارلىق ئوقۇغۇچى دوستلىرىمغا ئوقۇش ھاياتىدا ئۇتۇق تىلەيمەن.




ھەر قېتىم «نېمە ئوقۇۋاتىسىز؟» دېگەن سوئالغا بەرگەن جاۋابىمدىن قانائەت تاپالمىدىم. چۈنكى ئۇنى بىر ياكى ئىككى سۆز بىلەنلا چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. گەرچە ئىنگلىزچىدە بۇ كەسپىنىڭ ئېنىق ئىسمى بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنى كەسىپ نامى بىلەن چۈشەندۈرۈش ياكى خاتا چۈشەندۈرۈش بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىر قەدەر ئۇزۇن جۈملە ۋە مىساللار كېتىدۇ. مەن «شەپەق» ژۇرنىلىنىڭ ماڭا بەرگەن بۇ پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ كەسپىمگە ئائىت ھازىرغا قەدەر ئۆگەنگەن مەزمۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى توغرا تاپتىم. بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇجمەل ئۇقۇملىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردىمى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئاۋستىرالىيە پسىخىكىلىق داۋالاش ۋە مەسلىھەت بېرىش بىرلەشمىسىنىڭ (PACFA) پسىخىكىلىق داۋالاش ۋە مەسلىھەت بېرىش كەسپىگە بەرگەن چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا: بۇ مەسلىھەتچىلەر بىلەن مەسلىھەت ئالغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىخەتەر ۋە مەخپىيەتلىككە ھۆرمەت قىلغان ھەمكارلىق بولۇپ، روھىي ساغلاملىق ۋە پاراۋانلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئۆزىنى چۈشىنىشنى كۈچەيتىدۇ ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ.[1] مەسلىھەتچىلەر بىر ياكى بىر نەچچە پسىخولوگىيەلىك نەزەرىيەنى قوللىنىش ۋە ئېتىراپ قىلىنغان ئالاقە ماھارىتى ئارقىلىق ھېس قىلىش، تەجرىبە، تۇيغۇ ۋە باشقا كىشىلىك مۇناسىۋەت ئامىللىرىدىن پايدىلىنىپ مەسلىھەت ئالغۇچىلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرىنى (مۇناسىۋەت، شەخسىي، روھىي جەھەتلەردىكى) ھەل قىلىشىغا ياكى ئارزۇسىغا يېتىشىغا ياردەمدە بولىدۇ.[2] بۇ جەريان ئېنىق تۈزۈلگەن ۋە پرىنسىپال مۇناسىۋەت دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، بۇ ساھەدىكى كەسپىي خادىملار ئېنىق توختام تۈزۈلۈپ، ھەر خىل تېخنىكا ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئۈچۈن كۆپ مەشىق بىلەن تەربىيىلىنىپ چىققان بولىدۇ. ئۇلار مەسلىھەت ئالغۇچىلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى، ئېتىقادى، ئۆزگىچىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزى قارار بېرىش ھوقۇقىغا رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت كەسپىي ئەخلاقنى ئاساس قىلىدۇ. كەسپىي مەسلىھەتچىلەر ۋە پسىخىكا دوختۇرى داۋالاش ئەسناسىدا بىمار ياشايدىغان ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە مۇھىتىنى نەزەردە تۇتىدۇ. ئۇلار يەنە بۇ ئامىللارنىڭ ھازىرقى مەسىلىلەرگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ ياش، تەرەققىيات،

1-https://www.pacfa.org.au/definition-of-counselling/
2-McLeod, J. (2013). An introduction to counselling. McGraw-hill education (UK)

مېيىپلىك، دىن، ئەخلاق، خاراكتېر، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورۇن، ئېتنىك كىملىك، مىللەت، جىنس، ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق تەسىرلەرگە بولغان تونۇش ۋە باھالاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ پەرقلەرگە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە بۇ ئاملىلار سەۋەبلىك كەمسىتىشتىن ساقلىنىدۇ.

مەسلىھەت ئالغۇچىلار مەسىلىسىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن، بېرىلىدىغان خىزمەت قىسقا ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىزمەت يەككە شەخس، بىر جۈپلەر، ئائىلە ياكى گۇرۇپپا بىلەن ئىشلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەسلىھەتچى ئۆز ئالدىغا خۇسۇسىي خىزمەت قىلىشى ياكى ئاممىۋى ساھەدىكى ھەر خىل تەشكىلىي ئورۇنلاردا ئىشلىشى مۇمكىن، مەسىلەن: مەكتەپ مەسلىھەتچىسى دېگەندەك.

مەسلىھەتچىلەر ئۆزى قىزىققان ياكى ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرىدىغان بىرەر تورنى تۇتۇپ شۇنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: ئۆسمۈرلەر مەسلىھەتچىسى، خۇمار بىمارلىرى مەسلىھەتچىسى، نىكاھ مەسلىھەتچىسى ۋە باشقىلار. بۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل داۋالاش ئۇسۇللىرىنى مەركەز قىلغان مەسلىھەتچىلىك تۈرلىرىمۇ بار.

پسىخولوگ، پسىخكىلىق داۋالاش ۋە مەسلىھەتچىلىك كەسپى ۋە روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى- بۇلارنىڭ ھەممىسى سۆھبەتلىشىشنى ئاساس قىلغان داۋالاش كەسپلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ رولى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە داۋالاش مېتودى ۋە دائىرىسى جەھەتتە بەلگىلىك پەرقلىنىدۇ.

مەسلىھەتچىنىڭ رولى كونكرېت مەسىلىلەرگە مەركەزلىشىپ، ھاياتىڭىزدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىشتۇر.

پسىخولوگ ياكى پسىخكىلىق داۋالاش مىجەز - خاراكتېرنى قايتا شەكىللەندۈرۈش ۋە ئۆزىنى تونۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە تېخىمۇ كۆپ ئۆزگىرىشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ. گەرچە پسىخكا دوختۇرى ۋە مەسلىھەتچىسى ھەر خىل كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىشىدىغان بولسىمۇ، پسىخكا دوختۇرى تېخىمۇ ئېغىر روھىي ساغلاملىق مەسىلىسى بىلەن ھەپىلىشىپ، ئۇزۇن مۇددەت بۇ خىل شەخسلەر بىلەن ئىشلەيدۇ. روھىي كېسەللەر دوختۇرى تېببىي دوختۇر، ئەمما پسىخولوگ ئۇنداق ئەمەس. شۇڭا روھىي كېسەللەر دوختۇرى دورا يېزىپ بېرىدۇ، پسىخولوگلار بولسا ئۇنداق قىلالمايدۇ. روھىي كېسەللەر دوختۇرى كېسەلگە دىئاگنوز قويىدۇ. مۇرەككەپ ۋە ئېغىر روھىي كېسەللىكلەرنى بىر قاتار داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن داۋالايدۇ ۋە داۋالاشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

دۇنيادا مىليونلىغان كىشىلەر روھىي جەھەتتىكى خىرىسقا ئۇچرايدۇ. ئاۋستىرالىيەنىڭ روھىي ساغلاملىق جەمئىيىتىنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، ئاۋستىرالىيەدە ھەر يىلدا ھەر بەش ئادەمنىڭ بىرى روھىي جەھەتتىكى مەسىلىگە دۇچ كېلىدىكەن[3] ئەمما بۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ياردەم قىلىش ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقە قىلمايدىكەن[4]. بۇنىڭغا پسىخكىلىق ياردەمگە موھتاج بولۇش ياكى ياردەمنى قوبۇل قىلىشنى چۈرىدىگەن بىر قاتار خاتا قاراش ۋە خۇراپاتلىقلار سەۋەبچى بولۇشى ياكى كىشىلەرنى ياردەم تەلەپ قىلىشتىن ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان روھىي ساغلاملىق مەسىلىسىنىڭ داۋاملىق كەمسىتىلىشى يەنە بىر سەۋەب بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، پسىخكىلىق مەسلىھەت بېرىش شەخسلەرنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ۋە شەخسىي تەرەققىياتىنى




3-Australian Bureau of Statistics. (2009). National Survey of Mental Health and Wellbeing: Summary of Results, 4326.0, 2007. ABS: Canberra.
4-Australian Institute of Health and Welfare. (2014). Australia's Health 2014. AIHW: Canberra.

www.uyghurkitap.com

ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم قىلىش رولىغا ئىگە. ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ھەر بىر ئادەم ئىنتايىن ئۆزگىچە. شۇڭا ئۇلارغا مەسلىھەت بېرىش ئۇسلۇبى ياكى ئۇلارنىڭ ئىنكاسى ئوخشاش بولمايدۇ. ھەم بىر ئادەمگە ئىشلەتكەن ئۇسۇل يەنە بىر ئادەمگە ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا بىر مەسلىھەتچى بىلەنلا كۆرۈشۈپ «پايدىسى يوقكەن» دېيىش ئاقىلانىلىك ئەمەس.

تۆۋەندە مەسلىھەت بېرىش توغرىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر نەچچە خاتا قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

1-مەسلىھەت بېرىش پەقەت چوڭ مەسىلىلەر ياكى «ساراڭ» كىشىلەر ئۈچۈندۇر.[5]

شۇنداق، مەسلىھەت بېرىش سىزگە ھاياتىڭىزدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەرگە ۋە روھىي ئازابلىرىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ، ئەمما بۇ سىز ئۈچۈن مەسلىھەت بېرەلەيدىغان بىردىنبىر ئەھۋال ئەمەس. بەزىدە بىز ئۆزىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان ئەھۋال ياكى ھېسسىيات توغرىسىدا پاراڭلىشىش ئۈچۈن تەرەپسىز بىر ئادەمگە موھتاج. ئۆزىڭىزنى سەۋەبسىزلا ياقتۇرماسلىقىڭىز ياكى چوڭ - كىچىك مەسىلىلەردە ياردەم تەلەپ قىلىشىڭىز نورمال بىر ئەھۋال. پسىخىكىلىق ياردەم ئېلىشنى پەقەت ئەھۋال قىيىنلاشقاندا تەدبىر سۈپىتىدىلا ئىشلىتىش توغرا ئەمەس. ئۇ بەكرەك ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك بولۇپ، سىزنى كەلگۈسىدىكى بېسىم مەزگىللىرىدە ئىشلىتىدىغان ئاكتىپ ئىستراتېگىيەلەر ياكى روھىي ۋە ھېسسىياتتىكى تەكشۈكلۇقلارنى تەكشەيدىغان ئۇسۇللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2-مەسلىھەتچى مېنى تونۇمايدۇ، شۇڭا ئۇلار ماڭا ياردەم قىلالمايدۇ.[6]

بىزنىڭ ئائىلىمىز ۋە دوستلىرىمىز يەنى بىزنى تونۇيدىغان ۋە بىزگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر بىزنىڭ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا بىرىنچى بولۇپ مەسلىھەت سورايدىغان كىشىلىرىمىزدۇر. ئىجتىمائىي ساغلاملىقنى ساقلاش روھىي ساغلاملىقنى ساقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم. ئەمما يېقىنلىرىمىزدا ئادەتتە بىز ئېھتىياجلىق ماھارەت ياكى ئوبيېكتىپلىق بولمايدۇ. كەسپىي خادىملار بولسا تەرەپسىز ھالدا سىز يېقىن كىشىلىرىڭىزدىن ئېرىشەلمەيدىغان ئەھۋال ۋە ھېسسىياتنى چۈشىنىشنى سىزگە بېرەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىمى ۋە تەجرىبىسى يېقىنلىرىڭىزنىڭ ياخشى نىيەتلىك مەسلىھەتلىرىدىن ھالقىپ كېتەلەيدۇ. باشقا دىندىكى روھىي ساغلاملىق مەسلىھەتچىلىرىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى سىزگە يۈكلىشىدىن ۋە سىزنىڭ ئىسلام ئېتىقادىڭىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەش ھېسسىياتىنىمۇ يوق دېيىشكە بولمايدۇ. ئەمما بىر نۇقتا ئېنىق بولۇشى كېرەككى، بارلىق پسىخىكا مەسلىھەتچىلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ۋە مەجبۇرىيىتى بولسا سىزنىڭ دىنىي قىممەت قارىشىڭىز ۋە ئېتىقادىڭىزغا ھۆرمەت قىلىشتۇر. ئەگەر ئىسلام ۋە باشقا مەنىۋى نىتىڭىز ھاياتىڭىزدىكى مۇھىم ئامىل بولسا، مەسلىھەتچى بىلەن ئېنىق سۆزلىشىپ، داۋالاش ياكى مەسلىھەت بېرىشنى شۇ دائىرىدە ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

3-روھىي ساغلاملىق مەسىلىسىنى ئىماننىڭ سۇسلۇقى بىلەن باغلىۋېلىش ياكى «تەڭرىنىڭ سىنىقى، شۇڭا ھەل قىلىنمايدۇ» دەپ قاراش.[7]

ئىسلام دىنىمىز روھىي ساغلاملىقنىڭ مۇھىملىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. قۇرئان روھىي ئازابقا دۇچار بولغانلارغا ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىلىك ياشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ھەدىستە دېيىلگەندەك «ئاللاھ داۋاسى بولمىغان كېسەللىكنى ياراتمايدۇ».[8] يەنە بىر مۇھىم نۇقتا بولسا ئىسلام دىنىمىز بىزدىن ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئەگەر بىرسى پاسسىپ ھېسسىياتنى باشتىن كەچۈرسە، ئۇ مۇمكىن قەدەر ئاكتىپ پىكىر ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇلارغا قارشى تۇرۇشقا ياكى مەسىلە كلىنىكىلىق بولسا كەسپىي ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ.[9]

ھەممىمىزنىڭ بىر كەسىپنى تاللىشىدا بىر نىشان بولىدۇ. مەن مۇھاجىرەت ھاياتىدا ئېغىر روھىي بېسىملاردا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ روھىي ساغلاملىقىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم ھەم بۇ جەھەتتە ئازراق بولسىمۇ رولۇم بولسىكەن دېگەن نىشان بىلەن بۇ كەسىپنى تاللىدىم.

5-https://ellenbrookessentialtherapies.com.au/9-misconceptions-about-counselling/

6-https://calgarycounselling.com/blog/8-common-misconceptions-about-counselling

7-https://muslimmentalhealth.com/islam-mental-health/

6-https://calgarycounselling.com/blog/8-common-misconceptions-about-counselling

8-https://thepsychologist.bps.org.uk/volume-31/june-2018/quran-and-mental-health

9-https://archive.islamonline.net/5267




# ئى ئاللاھ، قۇرئاننى قەلبىمنىڭ باھارى قىلغىن![1]

تەرجىمىدە: ئابدۇراززاق رەجەپ

مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت فاكۇلتېتى،

تەپسىر بۆلۈمى ماگىستىر ئاسپىرانتى

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر بەندە غەم - قايغۇغا مۇپتىلا بولغاندا: <ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن، سېنىڭ قۇلۇڭنىڭ ئوغلىمەن، سېنىڭ چۆرىڭنىڭ ئوغلىمەن، مېنىڭ كوكۇلام سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، سېنىڭ مېنىڭ ھەققىمدىكى ھۆكمىڭ جارىدۇر، سېنىڭ مېنىڭ ھەققىمدىكى تەقدىرىڭ ئادىلدۇر. سەن ئۆزۈڭنى ئاتىغان، كىتابىڭدا (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلغان، سېنىڭ مەخلۇقاتىڭدىن بىر كىشىگە (پەيغەمبەر ياكى پەرىشتىگە) بىلدۈرگەن ياكى ئۇنى دەرگاھىڭدىكى غەيب ئىلمىڭغا خاس قىلغان ھەر بىر ئىسمىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن سورايمەنكى، قۇرئاننى قەلبىمنىڭ باھارى قىلغىن، كۆزۈمنىڭ نۇرى قىلغىن، دىلىمدىكى غەم - قايغۇنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان يورۇقلۇق قىلغىن.> دەپ دۇئا قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ غەم - قايغۇسىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ئورنىغا خۇشاللىقنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. كىشىلەر:

1-ئەمر شەرقاۋىينىڭ «قۇرئانغا تەلمۈرتكۈچى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




‹ئى رەسۇلۇللاھ، ھەممىمىز بۇ سۆزلەرنى ئۆگىنىشىمىز كېرەكمۇ؟› دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹شۇنداق، ھەر بىر ئاڭلىغان كىشى ئۇ سۆزلەرنى ئۆگىنىشى كېرەك.› دېدى».[2]

يۇقىرىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىدىكى «قۇرئاننى قەلبىمنىڭ باھارى قىلغىن» دېگەن سۆزنى چوڭقۇر ئويلىنىڭ. بۇ سۆز دۇئادىكى ئاساسلىق مەقسەت بولۇپ، بېشىدىكى دۇئالار بۇ سۆز ئۈچۈن ۋاستە قىلىنغان. بىرىنچى قىلىپ، سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نە قەدەر كەمتەرلىك، موھتاجلىق ۋە ئاجىزلىق بىلەن پەرۋەردىگارىغا يىلىنغان ھالىتىگە قاراڭ. ئىككىنچى قىلىپ، سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شان - شەرىپىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى، ئىسىم شەرىپىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بايان قىلغاندىكى سۆزلىرىدە ھېچبىر بوشلۇق قويمىغانلىقىنى، ئىنچىكىلىك بىلەن ئەسلى تىلىكى بولغان «غەمنى كۆتۈرۈۋېتىش» مۇددىئاسىنى سوراش ئۈچۈن ۋاستە قىلغىنىغا سەپ سېلىڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئاننى قەلبىمنىڭ باھارى قىلغىن!» دېگەن سۆزىدە قۇرئاننى ئۆزى ئۈچۈن باھار پەسلى قىلىپ بېرىشنى تىلىدى. چۈنكى ئىنساننىڭ قەلبى باھار پەسلىدە راھەتلىنىدۇ، كۆڭلى باھارنى تارتىدۇ.

مەنچە باھار پەسلى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەتلىرىنىڭ نەتىجىلىرى نامايان بولىدىغان، زېمىن قايتا تىرىلىدىغان پەيت بولغىنىدەك، قۇرئانمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىمان ۋە مەرىپەتتىن ئىبارەت پەزلى - مەرھەمىتىنىڭ يەتكۈزگۈچىسى. قۇرئان بىلەن كۇفرىنىڭ، جاھالەتنىڭ ۋە غەملەرنىڭ زۇلمىتى يوقىلىدۇ.[3]

قۇرئان قەلبىڭىزنىڭ راھىتى، ئەنسىز زاماندا كۆڭلىڭىزنىڭ خاتىرجەملىكىدۇر. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قۇرئان يىتكەن روھ ئارامگىڭىزدۇر.

قۇرئاننىڭ روھىي خاتىرجەملىكنى پەيدا قىلىشتىكى تەسىرى ئىنتايىن چوڭ. «بۇ خاتىرجەملىك (قۇرئان) قەلبكە يەرلەشكەندە، ئۇنىڭ بىلەن قەلب تەسكىن تاپىدۇ، بەدەن ئەزالىرى راھەت ئالىدۇ ۋە تەمكىنلىشىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تىل توغرا ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەيدۇ، قۇرئان تىلنى ناشايان سۆزلەرنى، بىھۇدە گەپلەرنى ۋە ھەر قانداق بۇزۇق ئىشلارنى سۆزلەشتىن توسۇپ قالىدۇ.»[4]

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم ئىككى ئارغامچا بىلەن باغلانغان ئېتىنىڭ يېنىدا ‹كەھف› سۈرىسىنى ئوقۇۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۇنى ئاسماندىن بىر بۇلۇت قاپلىدى. بۇلۇت ئاستا - ئاستا يېقىنلاشقانسېرى، ئۇنىڭ ئېتى ئۈركۈشكە باشلىدى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ساڭا يېقىنلاشقان شۇ بۇلۇت قۇرئاننى ئاڭلاش ئۈچۈن چۈشكەن خاتىرجەملىكتۇر.› دېدى»[5] ئەي قۇرئان ئەھلى! بۈيۈك نېمەت خاتىرجەملىككە ئېرىشىڭلار.

كىشىلەر قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقىنىدا ئاۋازىدىن ئاللاھقا بولغان تەقۋادارلىقى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان بىر قارىينى ئىنتىزار بولۇپ كۈتمەكتە. يۇقىرى ئاۋازدا قىلىنغان قىرائەت بەلكىم كىشىلەرنى بەكرەك يىغلىتالىشى مۇمكىن، بىراق ئۇ كۆپىنچە خاتىرجەملىكتىن يىراق بولىدۇ! ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ

2- ئىمام ئەھمەد، 3712-ھەدىس
3- شرح المشكاة، (6/1910)
4- مدارج السالكين، (2/473)
5-سەھىھۇلبۇخارىي، 5011-ھەدىس\سەھىھ مۇسلىم، 795-ھەدىس

(ئارام تاپىدۇ).»[6]

باشقىلارنى بىئارام قىلىدىغان شەكىلدە يۇقىرى ئاۋازدا قىرائەت قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ئەمەس، پېشقەدەم تابىئىنلاردىن بىرى بولغان قەيس ئىبنى ئۇبباد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:«ساھابىلەر ئۈچ يەردە؛ بىرىنچىسى: زىكرى ئېيتقاندا، ئىككىنچىسى: ئۇرۇشتا، ئۈچىنچىسى: جىنازىلەردە ئاۋازلىرىنى تۆۋەن قىلىشنى ياخشى كۆرۈشەتتى». شۇنىڭدەك، باشقا رىۋايەتلەرمۇ ئۇلارنىڭ بۇ جايلاردىكى ئەھۋالى خۇددى نامازدىكى ئەھۋالىغا ئوخشاش قەلبلىرى ئاللاھقا زىكرى ئېيتىش، ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەش بىلەن تولغان ھالدا ئىنتايىن تىنىچ ۋە خاتىرجەم تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. بۇ ئۈچ جايدا يۇقىرى ئاۋاز ئىشلىتىش يەھۇدىي - ناسارالارنىڭ ۋە ئەجەم مىللەتلىرىنىڭ ئادەتلىرىدىن ئىدى. كېيىنچە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كۆپ قىسمى بۇ ئادەتكە مۇپتىلا بولدى.[7]

نۇرلۇق سورۇنلار ھەققىدە ئاڭلاپ باقتىڭىزمۇ؟ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق بىر قوۋم ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيلىرىدىن (مەسچىتلەردىن) بىرىگە يىغىلىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلسا، ئۇنى ئۆزئارا ئۆگەنسە، (ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن) ئۇلارغا خاتىرجەملىك، تەمكىنلىك چۈشىدۇ، ئۇلارنى رەھمەت ئورايدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر قورشايدۇ، ئاللاھ تائالا ھۇزۇرىدىكى پەرىشتىلەرگە ئۇلارنىڭ ناملىرىنى زىكىر قىلىدۇ.» قاراڭلار! بىز نېمىدېگەن ئېھتىياجلىق سۆزلەر ھە؟ بۇلار كىشىلەر پەقەت بىرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈنلا پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى سەرپ قىلىشقا ئەرزىيدىغان قىممەت باھالىق مۇكاپات، ئالىي ھەدىيەلەر!

قەلبلىرىمىز كەلگۈسىدىن ئەنسىرەۋاتقان، ئۆزىمىزدىن ۋە باشقىلاردىن ئەندىشە قىلىۋاتقان، دۈشمەنلىرىمىزدىن قورقۇۋاتقان، ھەتتا كىشىلەر «بىزنى قورقۇنچ بېسىۋالدى، ئەنسىزلىكىمىزنى يوقىتىدىغان خاتىرجەملىككە موھتاجمىز.» دېيىشىۋاتقان بۇ ئەنسىز دۇنيادا، خاتىرجەملىك نېمىدېگەن بۈيۈك نېمەت ھە! ئاللاھ تائالا ئۇ بۈيۈك نېمەتنىڭ ساھىبىدۇر، قۇرئان ئۈچۈن لايىق شەرتى بىلەن يىغىلىش، ئۇنىڭ روشەن ئايەتلىرىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭغا قەلب ئىشىكىنى ئېچىش، ئۇنىڭ بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان ئىلىم - ھېكمەتلىرىنىڭ، دىللارنى يورۇتقۇچى دەلىللىرىنىڭ بۇلاقلىرىدىن ئىچىش، مانا بۇلار ئۇ بۈيۈك نېمەتكە ئېرىشىشنىڭ شەرتىدۇر.

بىزنى ئوراپ تۇرىدىغان، ھەممە تەرەپنى قاپلىغان بەختسىزلىك ئىزنالىرىنى يوقىتىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە نېمىدېگەن ئېھتىياجلىقمىز ھە!

بىز ئەتراپىمىزنى قورشاپ تۇرىدىغان رەھمەت پەرىشتىلىرىنىڭ ھەمراھ بولۇشىغا تولىمۇ ئېھتىياجلىقمىز! سىلەر بۇ ئالىي ماقامغا ئۆرلەش ئۈچۈن غەيرەتكە ئىشىنىڭلار! بىزنى قورشىغاندا يامانلىقنىڭ قارا زۇلمەتلىرىدىن قوغدايدىغان، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ۋە نەپسىنىڭ بالالىرىدىن ساقلايدىغان پەرىشتىلەرنىڭ قورشاپ تۇرۇشىغا، «ئاللاھ تائالا ھۇزۇرىدىكى پەرىشتىلەرگە ئۇلارنىڭ نامىنى - شەرىپىنى زىكىر قىلىدۇ.»[8] دېگەن بۇ يۈكسەك، ئالىي مەرتىۋىگە بەكمۇ ئېھتىياجلىقمىز! ئاللاھ تائالانىڭ بىرىنى ھۇزۇرىدا تىلغا ئېلىشى ئەڭ بۈيۈك ئاتا - ئېھساندۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ سىزنى ياد ئېتىشى سىزنىڭ پۈتۈن بەختسىزلىكىڭىزگە چەك قويىدۇ، سىزنى ئەڭ يېقىن بەندىلىرى قاتارىغا كىرگۈزىدۇ.

ئى ئاللاھ! بىزنى بۇ ئاتا - ئېھساندىن رىزىقلاندۇرغىن.[9]




6- زۇمەر سۈرىسى، 23-ئايەت
7- اقتضاء الصراط المستقيم (358)
8- سەھىھ مۇسلىم، 2699-ھەدىس
9- مۇستاپا بەھياۋىينىڭ سۆزىدىن نەقىل قىلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۆلىمالار ۋە ئەمىرلەر [1]

تەرجىمىدە: رىسالەت ئەخمەت
ئىستانبۇل تەجدىد ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىسلام ئىلىملىرى كەسپى ئوقۇغۇچىسى

ئىسلام ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھۆرمەتكە سازاۋەر، نەمۇنىلىك ۋە كىشىلەرنى ئەيمەندۈرىدىغان بىر ئۈممەت يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنداق ئۈممەت پەقەت ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە مۇستەھكەم ئېسىلغان ۋە شۇ ھىدايەتنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت، ئىرادىسىنى ئۆزىدە نامايان قىلغان كىشىلەردىن بارلىققا كېلىدۇ.

بىر ئۈممەت پەقەت قەلبىنى ئاللاھقا بولغان تەقۋادارلىق بىلەنلا تولدۇرغان، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مەۋجۇداتتىن زەررىچىلىك قورقۇشنىمۇ ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن رەببانىي ئۆلىمالارنى مەيدانغا كەلتۈرگەندىلا ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدە مۇستەھكەم تۇرالايدۇ ۋە كۈچ-قۇۋۋەت، ئىقتىدارىنى نامايان قىلالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئادالەت بەرپا قىلىشقا، قىسقىغىنا بۇ ھاياتتىكى كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان، نەپسىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان بىساتلارغا ئېرىشىشتىن بەكرەك ھەقىقەت يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا ھېرىسمەن ئەمىرلەرنىڭ (رەھبەرلەر) مەيدانغا كېلىشى بىلەن زەپەر قۇچىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام بىر جەمئىيەتتە ھېچكىمدىن ئۆزىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئايىمايدىغان ھەم يوشۇرمايدىغان ئالىملارنى، مەجلىسلىرىدە توغرا سۆزلەرنىڭ ئېيتىلىشىنى

1-العلماء و أولو الأمر للعلامة الشيخ محمد الخضر حسين

ياخشى كۆرىدىغان ئەمىرلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ھەقىقىي تارىخ بىزگە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئەمىرلەرنى ئىسلاھ قىلىشنى كۆزلەپ، تەسىرىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەقنى سۆزلەشتىن چېكىنمىگەن، بىر ئىغىز ھەق گەپنى دۇنياغا تېگىشمىگەن، دۇنيا ھاياتىنىڭ نازۇ-نېمەتلىرىگە ئالدىنىپ كېتىشتىن ئۆزىنى تارتقان ھەقىقىي ئۆلىمالار بىلەن روناق تاپقانلىقىنى، ئۇسسۇزلۇقتا تەشنا چاڭقىغان قەلبلەرنى پاكىز بۇلاق سۇلىرى بىلەن سۇغۇرۇشنى ئۆزىگە ۋاجىپ بىلىدىغان، ئىشەنچلىك ئالىملارنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىدىن قەلبلىرى راھەتلىنىدىغان ئەمىرلەر بىلەن قۇدرەت تاپقانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق ئۆلىما ۋە ئەمىرلەر ئۇممەتنى بەختكە يېتەكلەيدۇ ۋە دۆلەتنى گۈللەندۈرىدۇ. تارىخنىڭ بىزگە يەنە، دۇنيانىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان زىننەتلىرىگە ئالدىنىپ كەتكەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ، ئۆزىگە پاكلىق ۋە ئاقلانلىك بىلەن يول تۇتۇشنى راۋا كۆرۈشتىن بەكرەك نەپسىگە بويۇن ئەگكەن ئەمىرلەرنىڭ دۇنيا كەينىدىن چاپىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقەتنى يەتكۈزۈش، ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت بۇيرۇقىغا رىئايە قىلماي، خىيانەت قىلىدىغان ھالەتكە ئۆزگىرىپ كېتىدىغىنىنىمۇ سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئىززەت تاپقاندىن كېيىن خار بولغان ئۇممەتلەرنىڭ، قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن يىقىلغان دۆلەتلەرنىڭ پاجىئەسىنىڭ سەۋەبىنى خەلققە نەسىھەت قىلمىغان ئۆلىمالار ياكى نەسىھەت قىلىدىغان ئۆلىمالارنى ياخشى كۆرمىگەن ئەمىرلەر ئىكەنلىكىگە باغلايدۇ.

بىز نەزىرىمىزنى ئۆلىمالار ۋە ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتكە ئاغدۇرساق، ئۆلىمالارنىڭ ئەمىرلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولغانلىقىنى بايقايمىز:

**بىرىنچىسى:** ئەمىرلەرنىڭ خەلققە ئادىل بولۇشىدا «ئۆزۈمنىڭمۇ بىر كىشىلىك مەجبۇرىيىتى بار» دەپ قارىغان ئالىم.

بۇنداق ئالىملار كىشىلەر مەيلى ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، قوبۇل قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدۇ، بۇلارغا ھېچ پىسەنت قىلماستىن يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

مالىك رەھىمەھۇللاھقا شۇنداق دېيىلدى: «سەن ھازىر زالىم، كىشىلەرنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان بىر پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرسەن.»

مالىك رەھىمەھۇللاھ جاۋابەن: «ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن. شۇنداق بولغانىكەن، بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا ھەقنى سۆزلەش كېرەك ئەمەسمۇ؟»

ئۆلىمالارنىڭ ئەمىرلەرگە نەسىھەت قىلىشتا قوللانغان ئۇسلۇبلىرى پەرقلىق بولۇپ، بەزىلەر ئوچۇق نەسىھەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ ۋە ئەمىرگە ئۆزى قارشى تۇرىۋاتقان ئىشلارنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئوچۇق سۆزلۈك دەۋەت، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

ئوسمانىيلار دەۋرىدە سۇلتان سەلىم خەزىنە باشقۇرغۇچىلىرىدىن 150 كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى. بۇ خەۋەر شەيخ ئەلائۇددىن ئەلجامالىيغا يەتكەندىن كېيىن ئۇ كىشى سۇلتاننىڭ يېنىغا كىردى ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

—پەتىۋا ئەربابىنىڭ ۋەزىپىسى سۇلتاننىڭ ئاخىرەت ھاياتىنى قوغداشتۇر، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى شەرىئەتتە جائىز ئەمەس. ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشىڭىز كېرەك.

سۇلتان قاتتىق غەزەپلەندى ۋە شەيخكە:

-سىز سۇلتانىڭىزنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقامسىز؟ بۇ سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز ئەمەس، دېدى.

شەيخ جاۋابەن شۇنداق دېدى:

-ياق، ئاخىرەت ھاياتىڭىز ئۈچۈن قارشى چىقتىم، بۇ مېنىڭ ۋەزىپەم.

سۇلتاننىڭ چىرايىدىكى غەزەپ ئىپادىلىرى يوقىلىشقا باشلىدى ۋە ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان ئۇ كىشىلەرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى.

يەنە بەزى ئۆلىمالار ۋەز - نەسىھەت قىلىشتا

www.uyghurkitap.com

«مۇشۇنچىلىك بولسا يېتىدۇ.» دەپ قارىغان مەسىلىلەردە دارتىمىلاپ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. شەيخ ئەبۇبەكرى ئىبنى سەييىد مۇنتەسىر دەۋرىدە تۇنىسنىڭ پايتەختىگە كەلدى ۋە ئەمىرنىڭ يېنىغا كىرگەن چاغدا ئەمىر شەيخكە ئۆزىنىڭ ئالدىدا قۇرئان كەرىمدىن بىرەر ئايەت ئوقۇپ بېرىشنى بۇيرىدى. ئۇ: «فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللّٰهِ لِنْتَ لَهُمْ ۚ وَ لَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيْظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّوْا مِنْ حَوْلِكَ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَ اسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَ شَاوِرْهُمْ فِى الْاَمْرِ ۚ فَاِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللّٰهِ ؕ اِنَّ اللّٰهَ يُحِبُّ الْمُتَوَكِّلِيْنَ»

«ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ،[2] ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى، ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن.» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. مۇنتەسىر ئۇنىڭ قىرائىتىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى ۋە ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى. ئەنە شۇ ئىش شەيخنىڭ ئەمىرنىڭ يېنىدا ئەتىۋارلىنىشىغا ۋە دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىگە سەۋەب بولغانىدى. يەنە بەزى ۋاقىتلاردا ئەمىرلەرگە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئۆلىمالار قاتتىق ئىرادىگە ئىگە بولۇشى ۋە ئۆزىنى ئۇچراش ئېھتىماللىقى بولغان بارلىق ئەزىيەتلەرگە ھازىرلىشى كېرەك. مەسىلەن «قۇرئان مەخلۇق» دېگەن سۆزلەر پىتنە بولۇپ تارقالغان دەۋرلەردە ۋاسىقنىڭ تۈرمىسىدە ۋاپات بولغان نۇئەيم ئىبنى ھەممىدكە، مۇئتەسىم دەۋرىدە تۈرمىگە تاشلىنىپ قاتتىق جازالانغان ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلگە ئوخشاش ئالىملار ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش يولىدا ئۆزىگە يەتكەن بارلىق ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى ۋە ئەڭ قاتتىق ئازابلارغا بەرداشلىق بەردى.

**ئىككىنچىسى:** كىشىلەردىن ئايرىلىپ ياشاشنى خالىغان، ئەمىرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ھاكاۋۇرلۇق ۋە مەنسىتمەسلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەجلىسلىرىدىن يىراق تۇرۇشنى تاللىغان ئۆلىمالاردۇر.

ئۇلار: «ئەگەر بىز ئەمەلدارلارغا ھەمسۆھبەت بولساق بىزگە تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ، بىزنىڭ ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىدا بولۇشىمىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ. شۇڭا بىز ئۈچۈن ھەممىدىن ئۆي ياخشى، ئىلمىمىز بىلەن ئالىم يېتىشتۈرەيلى» دەپ قارايدۇ. لېكىن ئەمىرلەرنىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە ھاكاۋۇرلۇقى سەۋەبلىك ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتىن باش تارتىش ئۆلىمالار ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان ئۆزرە ئەمەس. چۈنكى مۇسا ئەلەيھىسسالام تەكەببۇرلۇق ۋە ھاكاۋۇرلۇقتا چەكتىن ئاشقان پىرئەۋننى ھەقكە دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇلغانىدى.

ئەمما بەزىدە ئۆلىمالار ئەتراپىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە كۈچلىشىمگەن ئەمىرلەرنىڭ يېنىدا خاتا ئىشلارنى داۋاملىق كۆرۈشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. ئەگەر ئالىم بىرەر خاتا ئىشنى نەسىھەت ئارقىلىق ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتسە بۇ خىل يىراقلىشىشنى تاللىشى ئاقىلانىلىك. چۈنكى ئالىمغا ئۇنداق خاتا ئىشنى داۋاملىق كۆرۈش ھەسرەت ۋە ئەپسۇسلىنىشتىن باشقىنى بەرمەيدۇ. يەنە بەزىدە نەسىھەت تىڭشايدىغان، ئىبرەت ئالىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ چىقىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ شۇنداق كىشىلەرگە يېقىنلىشىش يىراقلىشىشتىن كۆپ ياخشى. ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرى مۇئتەزىلىلەر بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەجلىسلىرىگە قاتنىشاتتى ۋە بۇ ھەقتە: «ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر، ۋالىي ۋە قازىلار ئۇلارنىڭ ئىچىدە. ئەگەر ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويمىسام ھەق قانداق نامايان بولسۇن؟ ئەھلى سۈننەت يولىدىكىلەر قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئىبارەت ئۆزگەرمەس ھۆججەتكە تايىنىۋاتقانلىقىنى قانداق بىلسۇن؟» دېگەنىدى.

**ئۈچىنچىسى:** ئەمىرلەرنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەردىن يېنىۋالىدىغان، شۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە خاھىشلىرى تەرەپكە ئېغىپ كېتىدىغان، ھەتتا بەزىلىرى شۇ ئەمىرلەرنىڭ نەزىرىگە ئېلىنىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئەت - ھۆكۈملىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىش دەرىجىسىگە يېتىپ قالىدىغان ئۆلىمالاردۇر.

بۇ خىل سۈپەتتىكى ئۆلىمالاردىن ئەمىرلەرگە نەسىھەت قىلىشتىن تىلىنى يىغىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ تۈردىكى ئۆلىمالار دىنغا، ئۈممەتكە ۋە ھەق

2-ئال ئىمران سۈرىسى، 159-ئايەت

يولدا كۆرەش قىلىشقان ھەقىقىي ئەمىرلەرگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

**مەغلۇپ بولغان ئالىمنىڭ جىنايىتى**

بىرىنچىسى، دىنغا ئائىت بولمىغان بىر ھۆكۈمنى دىنغا تەۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىختىلاپ پەيدا قىلىش بولۇپ،بۇ دىنغا قىلىنغان بىر خىيانەتتۇر. ئىككىنچىسى، ئۇممەت ۋە خەلققە قىلغان خىيانىتى بولۇپ، ئەمىرلەرنىڭ سىياسەتتە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئەمەس ئۆزى خالىغان رەۋىشتە، قارىغۇلارچە يول تۇتۇشىنى چەكلىمەيلا قالماي، بۇ يولنىڭ ئاسانلىشىشىغا ياردەم بېرىپ خەلق ھەققىنىڭ ئادالەت بىلەن تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولۇشىغا كۈچ چىقارمىغانلىقىدۇر. ئاخىرىدا، ئەمىرلەرگە قىلغان خىيانىتى بولۇپ، خەلق ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتى بولغان ئادىل قانۇن بىلەن كىشىلەرنى باراۋەرلىككە يېتەكلەيدىغان، ئادالەت بىلەن ئىش تۇتىدىغان قوماندانلارنى، ئەمىرلەرنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارغا ئەڭ گۈزەل شەكىلدە بويسۇنۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما بۇ ئەمىرلەرنىڭ مەيداننى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئۆلىمالارنىڭ تۇتقان يولى خاتا بولسا، ئۇلار خەلقنىڭ قوللىشىدىن، ئەگىشىشىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

بىز ئەسىرلەرنىڭ ئالمىشىدىغانلىقىنى شۇنداقلا ھەر بىر ئەسىر تەقەززا قىلىدىغان مۇھىتنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز، لېكىن ھەقىقەت ھامىنى پەقەتلا بىر. زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن قىممىتى ۋە شەرىپى ئەسلا ئۆزگەرمەيدۇ. ھەقىقەت قىممىتىنى يوقاتقان بىر دەۋر ھەم ئەسلا كەلمەيدۇ.

پۈتۈن ئالەمنى ھەقىقەتنىڭ نۇرلىرىغا تولدۇرىدىغىنى توغرا بولغان دىنىي تەربىيە ئالغان ۋە سۆزلىرى، ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى بىلەن دىننى قوغدىيالايدىغان، ئوڭ يېنىغا قۇياش، سول يېنىغا ئاينى قويۇپ بەرسىمۇ ھەقتىن ۋاز كەچمەيدىغان ئۆلىمالاردۇر.

**ئەمىرلەرنىڭ ئۆلىمالارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى**

ئەمدى نەزىرىمىزنى ئەمىرلەرنىڭ ئۆزىگە ھەقنى سۆزلەپ نەسىھەت قىلغان ئۆلىمالارغا تۇتقان مۇئامىلىرىگە ئاغدۇرساق، ئۇلارنىڭمۇ ئۈچ تۈرلۈك بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

**بىرىنچىسى**، ئۆزىگە نەسىھەت قىلغان كىشىنى جىنايەت بىلەن ئەيىبلەپ تەھدىت سالىدىغان ياكى گۇناھكار سۈپىتىدە جازالايدىغان ئەمىرلەر.

بەزى ئەمىرلەر ئۆلىمالارنى ھارام ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئالىم ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشمىسا مەيلى ئېغىر ياكى يېنىك بولسۇن جازاغا ئۇچرايدۇ. ئەمما ئۆز دەۋاسىدا سەمىمىي بولغان ئالىملار بۇنداق ئاقىۋەتلەرگە سەۋر قىلىش بىلەن قارشى تۇرىدۇ.

**ئىككىنچىسى**، قەلبى ۋەز - نەسىھەتلەرنى ئاڭلاشتىن سىقىلىدىغان، ۋەز - نەسىھەتلەرنىڭ ئەكسى بويىچە ئىش تۇتىدىغان، ئەمما ئالىملارنىڭ ئىلمىي ماقامىنى چوڭ بىلىپ ھۆرمەتلەيدىغان ئەمىرلەر.

بۇنداق ئەمىرلەر ئالىملارغا ئەزىيەت بېرىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. بۇنىڭغا مىسالەن، ئەبۇ جەئفەر ئەلمەنسۇر، ئابدۇللاھ ئىبنى تاۋۇس ئىبنى كەيسان ۋە مالىك ئىبنى ئەنەسنى يېنىغا چاقىرتتى. ئۇ ئىككىسى يېنىغا كىرگەندە ئەبۇ جەئفەر ئەلمەنسۇر سائەتكە قاراپ چوڭقۇر خىيال سۈرۈۋاتاتتى. ئاندىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىبنى تاۋۇسقا قارىدى ۋە:

-ماڭا دادىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ. دېدى.

ئىبنى تاۋۇس ئېيتتى:

-دادام ماڭا: «قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق ھاكىملىقىغا شېرىك كەلتۈرگەن، ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە زۇلۇم ئارىلاشتۇرغان كىشىدۇر.» دېگەنىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەبۇ جەئفەر شۇ ھامان سائەتنى قاتتىق سىقىمدىدى. مالىك رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە:

-مەن ئىبنى تاۋۇسنىڭ گۇناھىغا ھەمشېرىك بولۇپ قالارمەنمۇ، دەپ قورقۇپ كىيىمىمنى قاتتىق مۇجۇۋالدىم. شۇ چاغدا ئەبۇ جەئفەر ئەلمەنسۇر، مالىك رەھىمەھۇللاھقا:« ئاۋۇ سىياھ قۇتىسىنى ماڭا سۇنۇپ بېرىڭ» دېگەن گەپنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئەمما مالىك قورقىنىدىن ئۇنداق قىلالمىدى. ئەبۇ

www.uyghurkitap.com

جەئفەر ئەلمەنسۇر ئۇنىڭغا:« نېمىشقا بۇيرۇقۇمنى ئىجرا قىلمايسىز؟ » دېگىنىدە مالىك رەھمەھۇللاھ جاۋابەن:« گۇناھقا شېرىك بولۇپ قېلىپ ماڭمىغۇ گۇناھ يېزىلىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرىگىنىم ئۈچۈن.» دېدى. ئەبۇ جەئفەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ ئىككىسىنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرىدى. ئىبنى تاۋۇس دېدىكى:«بىزمۇ شۇنداق قىلماقچى بولۇپ تۇراتتۇق.» مالىك رەھمەھۇللاھ شۇنداق دەيدۇ:« ئىبنى تاۋۇسنىڭ شۇ كۈندىكى جاسارىتى ۋە پەزىلىتىنى ھېلىھەم ياد ئېتىمەن.»

**ئۈچىنچىسى:** ئويغاق قەلبى ۋە ساغلام تەبىئىتى بىلەن ھەققە ھەمىشە ئىتائەت قىلىدىغان، ھەققە ۋە ياخشىلىققا چاقىرغۇچىلارغا توغرا، گۈزەل مۇئامىلە قىلىدىغان ئەمىرلەر.

ئەززىددىن ئىبنى ئابدۇسالام سۇلتان ئەييۇب نەجمىددىننىڭ يېنىغا كىردى ۋە دېدىكى:

–ئەگەر سىزدىن ئاللاھ تائالا ئۆز ھۇزۇرىدا: «ساڭا مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاتا قىلدىم، ئەمما سەن ھاراقنى مۇباھ قىلدىڭ!» دەپ سورىسا قارشى دەلىلىڭىز نېمە؟

سۇلتان جاۋابەن:

–مۇشۇنداق ئىش يۈز بەردىمۇ؟

–ھەئە، پالان مەيخانا ھاراق سېتىش ۋە باشقا گۇناھ ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، سىز ئاللاھنىڭ بۇ دۆلەتكە بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ پەيزىنى سۈرىۋاتىسىز.

–بۇنى مەن بىلمەيتىمەن، دېدى ۋە دەرھال ئۇ مەيخانىنى تاقاشقا بۇيرىدى.

ئەمىرلەرنىڭ ئىشەنچلىك، ھەقىقىي ئۆلىمالارنىڭ نەسىھەتىنى قوبۇل قىلىشى، ئۆلىمالارنىڭ كىشىلەرنى ھەققە يېتەكلەش ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمىتىگە باراۋەر كېلىدىغان كاتتا پەزىلەتتۇر. چۈنكى ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا توسالغۇ بولىدىغان بىرەر كىچىككە نىسبەتەن ئۆزىدە ئۈستۈنلۈك بار دەپ قارىسا، ئىچىنى سىقىدىغان بۇ خىل ئىشىغا ئارىلىششىنى خالىمايدۇ ۋە قىلغۇچىغا زەربە بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئەنە شۇ بۇيرۇق ۋە چەكلەش ئۆزىنىڭ بىلمىگەنلىكى تۈپەيلى ياكى خاتا بىر ئىشنى قىلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق بولسا بۇ زەربىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس، ئەلۋەتتە!

ئەگەر ئەمىر ئالىمنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلسا ۋە شۇ بويىچە يول تۇتسا، بۇ ئۇنىڭ ياخشى نىيەتلىك، ئادالەتلىك، سالىھ بىرى ئىكەنلىكىنى ۋە زالىم، مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئېچىشنى خالىمايدىغان ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئىشىكلىرىنى ئېچىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ھەر قانداق بىر ئۈممەت ياكى خەلق ئىنسانغا قۇل بولۇشتىن قۇتۇلغان، ئەركىنلىك ئىشىكلىرى كەڭرى ئېچىلغان، ئارىلىرىدا ئۆزىنى ئىسلاھ قىلالايدىغان دەۋەتچىلەر بار بولغان شارائىتتىلا يۈكسىلىدۇ ۋە كۈچ - قۇدرەت تېپىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ.





# قۇرئان كەرىمدىكى ئىلىم-پەن مۆجىزىلىرى[1]

ئەششەقەرى كامال
تەرجىمىدە: ئابدۇلھەكىم ئايدىن ئۇيغۇر
ئىستانبۇل ساباھەتتىن زەئىم ئۇنىۋېرسىتېتى
ئىسلام ئىلىملىرى ماگىستىر ئاسپىرانتى

**قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىنسانلارنى قانداق ئىشەندۈرىمىز؟**

ئىسلام دەۋىتى يېڭى باشلانغان ۋاقىتلاردا قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبىدىكى مۆجىزىلىك بايانلار نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيى كېلىشتىن بۇرۇنقى گۈزەل ئەخلاقى ئۇنىڭغا ئىشىنىش ئەگىشىشكە، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە قوۋملارنىڭ ھېكايىلىرى بەزى ساماۋى دىنىدىكى شەخسلەرنىڭ يېڭى دىنغا كىرىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. شۇنداقلا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان بەزى ئەقلىي پاكىتلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتلەرنى تەستىقلاشقا يېتىپ ئاشاتتى. نەتىجىدە قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنساننىڭ سۆزى بولماستىن، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن تاشقىرى بىر مەنبەدىن كەلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئورتاق قايىللىقى بولۇپ قالاتتى.

**ئۇنداقتا بىز ھازىرقىدەك دۇنيا تەرەققىي قىلغان، ئىنسانلار ئوخشىمىغان تىللاردا ئالاقە قىلىۋاتقان ۋاقىتتا قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىنسانلارنى قانداق قايىل قىلالايمىز؟**

قۇرئان كەرىمدە ھەر شەخس ئۆزىنى ۋە ئۆزى يوقىتىپ قويغان ھەقىقەتنى تېپىۋالالايدۇ، خۇددى شائىر مۆجىزىلىك بايانلارنى تاپالىغاندەك دوختۇر، ئىنژېنېر، ئاسترونوم، ماتېماتىك، پسىخولوگ، بىئولوگ، جەمئىيەتشۇناس، تارىخچى... قاتارلىقلارمۇ ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ كەسپى بويىچە مەلۇم ھەقىقەتلەرنى تاپالايدۇ ۋە ھەرقانداق ساھەدىكى ھەرقانداق بىر مۇتەخەسسىس ئۈچۈن بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر پاكىت بولۇشى مۇقەررەر.

قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنغان ۋاقىتتا يېڭىدىن بىرەر سۆز ياكى ھەرپ ئىجاد قىلىنمىدى، بەلكى يېڭى

1-جەزىرە خاتىرىلەر تور بېتى، قۇرئان كەرىمدىكى ئىلمىي مۆجىزىلەر، ئەششەقەرى كامال

www.uyghurkitap.com

ئۇسلۇب ۋە راۋان بايانلىرى بىلەن كىشىلەر ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەيدىغان مۆجىزىلىك جۈملىلەرنى ئېلىپ كەلدى. قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە قوۋملار ھەققىدىكى بايانلىرى، بەزى ئەھلى كىتابلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابى، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئادەتتىكى بىر ئىنساننىڭ بۇ ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ۋە پەقەتلا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرەتتى.

## ئۇنداق بولغان ئىكەن ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن قۇرئان كەرىمدە زامانىۋى ئىلىم-پەن يېتىپ كەلگەن ئىلمىي پاكىتلارنىڭ بولۇشىغا بىرەر توسالغۇ بارمۇ؟

قۇرئان كەرىمدىكى ئىلمىي پاكىتلار ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتاب ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالايدۇ. بىز پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەن ئاشۇ مۇھىت ۋە شارائىتلاردىكى ئادەملەر بىلەلمەيدىغان بۇ مەزمۇنلارنىڭ زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان بىر سىرتقى مەنبەدىن كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئاخىرقى نەتىجىگە يېتىپ بارالايمىز.

قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب چىقىدىغانلىقىدا شەك يوق، بۇ جاۋابلار تولۇق بىر گەۋدە سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. قۇرئان كەرىم مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا خاس ياكى سائەت ئىستىرېلكىسىنى مەلۇم ۋاقىت ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن نازىل قىلىنمىغان، بەلكى ئىنسانلار بىلەن ھاياتلىق ئاخىرلاشقۇچە ئىسسىق-سوغۇقتا بىللە بولۇش ۋە يېتەكلەش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان.

ئىلمىي پاكىتلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ بۇرۇن يەتكەن بولۇشى (گەرچە تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ) زۆرۈر ئەمەس، بەلكى ئىلمىي پاكىتلارنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى بايانغا مۇۋاپىق كەلگەن بولۇشى يېتەرلىك ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمنى فىزىكا كىتابىغا ئايلاندۇرۇشقا ھاجەت يوق، ئەمما فىزىكا ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى ئىكەنلىكىگە يېتىپ بېرىشىمىز تولىمۇ مۇھىم.

بەلكىم بىر قىسىم كىشىلەر قۇرئان كەرىمدىكى بەزى ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، مۇقەددەسلىكىنى يوقىتىدىغان شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ ئىلمىي مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىشقا نەقمۇنەق سەۋەب بولالمايدۇ. قەدىمكى نۇرغۇن تەپسىرلەردە بىز يەنىلا تەنقىدلەشكە ۋە ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا لايىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇچرىتىپ قالىمىز، بولۇپمۇ بەزى كائىناتقا ئالاقىدار ئايەتلەردە كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ.

قۇرئان كەرىمدىكى بەزى ئايەتلەر بىلەن ئىلىم-پەن ئىسپاتلىغان بەزى ھەقىقەتلەرنىڭ مۇۋاپىق كېلىشى، بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئايەتنىڭ تەپسىرى ۋە شەرھىسىدىن يىراق ھالدا قۇرئان ئايەتلىرى ئارقىلىق بەزى ئىلمىي نەزەرىيەلەرنى كەسكىن ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت ئىشتىھاسىنى ئېچىۋېتىدىغانلىقىغا شەك قىلمايمىز. مەن ئويلايمەنكى، بۇ يول ئىنتايىن خەتەرلىك. چۈنكى بىز قۇرئان كەرىم بايان قىلغان ئېنىق پاكىت بىلەن پەقەت ئىجاد قىلىنغان ۋاستىلەر بىلەنلا ئىسپاتلانغان ئىلمىي نەزەرىيەلەرنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويىمىز. قۇرئان كەرىم تېكىستلىرىدە ئىسپاتلانغان يىمىرىلمەس پاكىت، ۋەھيى قىلىنغان ۋاقىتتىكى ئەرەبلەرنىڭ تىل ئىستېمالىغا ئۇيغۇن ۋە لۇغەت مەنىسىدىن چىقىپ كەتمىگەن بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا، ئىزاھات ياكى گۇمانغا ھاجىتى بولمىغان كەسكىن، ئىلمىي پاكىتقا سىلىشتۇرۇش لازىم.

بەزى كائىنات ھادىسىلىرىگە قۇرئان ئايەتلىرى ئارقىلىق ئىلمىي چۈشەنچە بېرىلسە مەسىلە يوق، ئەمما ئۇ ئىلمىي نەزەرىيەنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىلىم-پەن ئۈستۈنلىكى نۇقتىسىدىن بولسا توغرا بولمايدۇ. بەلكى قۇرئان كەرىمدە كېلەر-كەلمەس بايانلار يوق بولۇپ، ئالەم ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ئايەتلەر ئىزدىنىش ۋە تەپەككۇرغا چاقىرغان بولىدۇ. بۇ نۇقتىلارنىڭ قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغانلىقى «ئەقىل ئىگىسى ئۇنىڭ كەينىدە بىر ھېكمەتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلىشى يېتەرلىك» دېگەن نۇقتىدىن قارىلىشى كېرەك. ھەتتا بەزى تەپسىلاتلىرىدا قۇرئان

كەرىم بۇ خىل مەزمۇنلارنى تىلغا ئېلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ساماۋى كىتاب ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

مەسىلەن: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:

﴿أَوَلَمْ يَرَ الَّذِينَ كَفَرُوا أَنَّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ كَانَتَا رَتْقًا فَفَتَقْنَاهُمَا وَجَعَلْنَا مِنَ الْمَاءِ كُلَّ شَيْءٍ حَيٍّ أَفَلَا يُؤْمِنُونَ﴾

تەرجىمىسى: «كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار ۋە زېمىن بىر-بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ؟»[2]

بۇ ئايەتتىن ئاسمان ۋە زېمىننىڭ بىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ئىلمىي مۆجىزە بولۇشقا يېتەرلىك. ئەمما ئۇنىڭ قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكى ۋە قانداق بولغانلىقىغا ئىلمىي جاۋاب بېرىشى كېرەك. ئاخىرىدا بىز توغرا بولغان ئىلمىي ئىزاھاتنىڭ ئايەتتىكى «رَتْقًا» كەلىمىسىنىڭ لۇغەت مەنىسىگىمۇ ماس كېلىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

﴿هُوَ الَّذِي يُرِيكُمُ الْبَرْقَ خَوْفًا وَطَمَعًا وَيُنْشِئُ السَّحَابَ الثِّقَالَ﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ (چاقماقتىن قورقۇتۇش ۋە (يامغۇرغا) ئۈمىد تۇغدۇرۇش ئۈچۈن سىلەرگە چاقماقنى كۆرسىتىدۇ، (قۇدرىتى بىلەن) قويۇق بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىدۇ.»[3]

بۇ ئايەتتىن بۇلۇتلارنىڭ قويۇق (ياكى ئېغىر) ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، بۇ ئىلمىي مۆجىزە بولۇشقا يېتەرلىك، ئەمما ئۇنىڭ ھاسىل بولۇش تەپسىلاتى ۋە نېمە ئۈچۈن ئۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىلىم-پەن ئالىملىرى چوڭقۇر ئويلىنىشى كېرەك. ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى «الثِّقَالَ» كەلىمىسى ئىما قىلغان مەنىلەردىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

دەۋرنىڭ سوئاللىرى ۋە خىرىسلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتى. ئىسلام دىنى بولسا، زېمىندا ئىجرا قىلىنىدىغان بىر ساماۋى ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ساماۋى ھەرىكەت ئىكەنلىكىگە قايىل قىلىش ئۈچۈن، ئۇ چاقىرىۋاتقان بارچە ئىشلارنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىز لازىم. ھەر ئىشتا رىقابەتلىشىشىمىز زۆرۈر ئەمەس، بەلكىم مۇھىم قارىۋاتقان ئىشلىرىمىز ئۆزىمىز ئالدىراۋاتقان خام - خىيال بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ بىزنىڭ «ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان نۇرغۇن ئىلمىي ھەقىقەتلەر قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان، مۇشۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ياردىمىدە بىز بەزى ئايەتلەرنى يېڭىدىن چۈشىنىشكە مۇيەسسەر بولدۇق.» دېيىشىمىزگە توسالغۇ بولالمايدۇ.

ئىلمىي مۆجىزىلەرنى باشقىلارنى «ئىقتىدارسىزلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىشنىڭ يولى» دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ «قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە ئەگىشىشى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى بىلەن يولنى يورۇتۇشى ئۈچۈن نازىل قىلىنغان كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يوللارنىڭ بىرى» دەپ قارىلىشى كېرەك.




2-ئەنبىيا سۈرىسى، 30-ئايەت
3-رەئد سۈرىسى، 12-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھۆججەتۇلئىسلام

# غەززالى

ئەلى تەنتاۋى[1]

تەرجىمىدە: ئابدۇلھەمىد كەۋسەر

ئىستانبۇل تەجدىد ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىسلام ئىلىملىرى كەسپى ئوقۇغۇچىسى

هازىر بىز نىشاپۇردىكى بۈيۈك ۋەزىر نىزامۇلمۇلكنىڭ بارگاھىدا. نىزامۇلمۇلك نىشاپۇرنىڭ سىرتىدىكى بۇ بارگاھتا تۇرۇپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك تېررىتورىيەسىنى ئىدارە قىلاتتى. ئۇنىڭ قەسرى ئەلەددىۋام (ھەممىشە) ئۆلىمالار بىلەن لىق تولاتتى. بىراق، بۈگۈن باشقا كۈندىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. چۈنكى بۈگۈن مۇسابىقە كۈنى ئىدى. سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلەر! سىلەر تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى بىلىسىلەر ۋە تىقما - تىقما بولۇپ ئىشتىراك قىلىسىلەر، لېكىن مۇنازىرە ئىلمىي مۇسابىقىلىرىنى بىلمەيسىلەر. بۇ مۇسابىقىلەرگە كىشىلەر يىغىلىدۇ، ئەمىرلەر نازارەتچىلىك قىلىدۇ. بۇ مۇسابىقىلەر بەزىدە گىرامماتىكا، ئىلمى كالام، فىقھىغا ئوخشاش مەلۇم بىر ساھە بىلەن چەكلەنسە، بەزىدە بىر قانچە ساھەلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

خوش، ئەمدى بۈگۈنكى مۇسابىقىگە كەلسەك بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ بىر مۇسابىقە. چۈنكى بۇ مۇسابىقە پۈتكۈل ساھەلەردە ئېلىپ بېرىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھەر ساھەدە يېتىشكەن يېتۈك ئۆلىمالار بارگاھقا تۇنجى قېتىم قەدەم تەشرىپ قىلغان بىر يىگىتكە قارشى ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ يىگىت ئەمدىلا ئوتتۇز ئۈچ ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇشىغا قارىماستىن، شۆھرىتى ھەممە ئادەمگە يېتىپ بارغان، يازغان ئەسەرلىرى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى قاپلىغان ئىدى.

بۈگۈن مۇسابىقىنىڭ تۇنجى كۈنى، مۇسابىقە شافىئىي مەزھەپ فىقھىسىنىڭ مېتودى، تارماق مەسىلىلىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. بۈگۈن بۈيۈك فەقىھلەر توپلاشقان بولۇپ، كىشىلەرمۇ ئۇلارنىڭ مۇسابىقىلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن سەلدەك ئاققان ئىدى. بۇ مۇسابىقىگە شەخسەن نىزامۇلمۇلك ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، ئۆلىمالار بۇ يىگىتكە ئاجايىپ - غارايىپ مەسىلىلەرنى تاشلىدى. يىگىت بولسا ھەر بىر مەسىلىگە ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن ئۇلار يوچۇق تاپالمىغۇدەك دەرىجىدە ئىنچىكە، ئەقلىنى لال قىلغۇدەك جاۋابلارنى بەردى. نەتىجىدە، مۇسابىقىگە قاتناشقان پۈتۈن ئۆلىمالار بۇ يىگىتنىڭ شافىئىي مەزھىپىنىڭ ئىمامى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ دىياردىكى شافىئىي مەزھىپىنىڭ يېتەكچىسى دەپ بەيئەت بېرىشتى.

1- ئەلى تەنتاۋى رەھىمەھۇللاھنىڭ (رجال من التاريخ) ناملىق ئەسىرى، 245-بەت، «ھۆججەتۇل ئىسلام» ناملىق ماقالىسى

ئىككىنچى كۈنى ئىلمى كالامچىلار بىلەن مۇنازىرىگە چۈشتى. سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلەر، بىلگىنىڭلاردەك ئۇ دەۋر ئىلمى كالامنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ، ئىلمى كالام، پەلسەپە شەرىئەتنىڭ خۇلاسىسى دەپ قارىلاتتى. گەرچە مېنىڭ بۇرچۇم قۇرئاننىڭ تەۋھىد مەسىلىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىكى ئۇسلۇبىنىڭ پەلسەپە ۋە كالام ئىلمىغا ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان كامىل ئۇسلۇب ئىكەنلىكىنى ئىتىراپ قىلىش بولسىمۇ، بىراق ئىلمى كالام شۇ دەۋردىكى ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئارزۇسى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ مۇنازىرە كۈتۈلمىگەن دەرىجىدە قىزىغان بولۇپ، بىر قانچە سائەت داۋاملاشتى. مۇسابىقە ئۇ يىگىتنىڭ كالامچىلارنىڭ پېشىۋاسى ۋە شۇنداقلا ئۆلىمالار ئىچىدە تەڭدىشى يوق بىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن ئاياغلاشتى.

ئۈچىنچى كۈنى مۇسابىقە گرېك پەلسەپەسى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئەپلاتۇن ، ئارىستوتېل قاتارلىق گېگانت شەخسلەرنىڭ كىتابىنى ئوقۇغان پەيلاسوپلار يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىچە ئىسلام پەلسەپەسىنىڭ شەرھلىرىنى ئوقۇپ باقمىغان، گرېك پەلسەپە كىتابلىرىدىن خەۋىرى يوق بۇ يىگىتنى مەنسىتمىدى. ئۇلار تاكى بۇ يىگىتنىڭ پەلسەپە مەزھەپلىرىنى ئۆزلىرىدىنمۇ چوڭقۇر، پىششىق بىلىدىغانلىقىغا شاھىت بولغانغا قەدەر، كۆزگە ئىلماي كىچىك كۆردى. ئاخىرى سورۇندىن ئۇ يىگىتنىڭ پەلسەپە ساھەسىدە يېتۈك بىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ چىقىپ كېتىشتى.

مۇسابىقە بىر قانچە كۈن داۋاملاشقان بولۇپ، بۇ جەرياندا بۇ تالانتلىق يىگىت قارشى تەرەپتىكىلەرنى ئەل قىلىپ، مۇنازىرىچىلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى. بۇ ئارقىلىق بەلخ، نىشاپۇر، ھىرات، ئىسپاھان، مەرۋە، بەسرە، مۇسۇل قاتارلىق ئىسلام دىيارىنىڭ كۆپ قىسمىدا مەدرىسىلەرنى تەسىس قىلغان نىزامۇلمۇلكنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالدى. نىزامۇلمۇلك ئۇنى ئۆز مەجلىسىدىن بىر قەدەممۇ نېرى قىلمىدى. ھەتتا باغدادتىكى بۈيۈك «نىزامىيە» مەدرىسىسىنىڭ ئۇستازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان گۇۋاھنامە ياساپ بەردى.

بۇ يىگىت باغدادقا سەپەر قىلدى. باغداد شۇ ۋاقىتتا خىلاپەت دىيارى، دۇنيانىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان مەركىزىي شەھىرى ئىدى. باغدادتىكى ئۆلىمالار بىلەنمۇ مۇنازىرىلىشىپ، ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كەلدى. ئۆلىمالار ئىلاجسىز بىر پۈتۈن ھالەتتە بۇ يىگىتنىڭ ئىلىم ساھەسىدە پىشقان، يېتۈك ئىمام ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتى.

• • •

ھازىر، بەلكىم سىلەر بۇ ئالىم زادى كىم؟ يۇقىرىقى پۈتۈن ئالاھىدىلىكلەر راستتىنلا بۇ يىگىتتە مۇجەسسەملەنگەنمۇ؟ ياكى سىز مۇبالىغە قىلىپ، شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىۋالدىڭىزمۇ؟ بۇ يىگىت بۇنچىۋالا ئىلىمنى قانداق تەھسىل قىلدى؟ دېگەن سوئاللارنى تاشلىشىڭلار مۇمكىن.

سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلەر، خاتىرجەم بولۇڭلار. مەن ئاشۇرۇپ سۆزلىمەيمەن، يوقىلاڭ تەسەۋۋۇرلارنىمۇ قىلمايمەن. مەن دەۋاتقان بۇ شەخس يۇقىرىقى پۈتۈن سۆزلىرىمگە پىسەنت قىلماي (؟)

پۈتۈن سۆپەتلەردىنمۇ بۈيۈك. بۇ كىشى، ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ئىچىدىكى گېگانت ئۇن شەخسنىڭ بىرى، قەلەمكەشلەر ئارىسىدىكى يېتىلگەن، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇن ئۆلىمانىڭمۇ بىرىدۇر. بۇ زات گرېك پەلسەپەسىنى خۇلاسىلىگەن، رەددىيە بەرگەن، قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەنلەردىنمۇ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، گرېك پەلسەپەسىگە بىر زەربە بېرىش بىلەن ئورنىدىن مەڭگۈ تۇرالماس پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى.

پەلسەپەنى كىمدە ئوقۇغان دەمسىز؟ ھېچكىمدە ئوقۇمىغان، بەلكى پەلسەپە كىتابلىرىنى ئۆزى مۇستەقىل كۆرۈپ ئۆگەنگەنىدى. بۇ كىشى ئۆزى بىلمىگەن ئېقىم ياكى چۈشەنمىگەن بىر ئىدېئولوگىيەگە رەددىيە بېرىشنى ئۆزىگە ۋە تەپەككۇرغا قىلىنغان ھاقارەت دەپ قارايدىغان بولۇپ، پەلسەپەنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەندە «پەلسەپەنىڭ غايىسى» ناملىق بىر ئەسەر يازغان. پەيلاسوپلار بۇ كىشىنى ئۆزلىرى ئىزدەشكە باشلىغانىدى، چۈنكى پەيلاسوپلار ئۇ كىشىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈپ باقمىغان چۈشەنچە، خۇلاسىلەرنى كۆرگەن

www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىشى «پەيلاسوپلارنىڭ يىمىرىلىشى» ناملىق بىر ئەسەر يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەر پەلسەپەگە نىسبەتەن شۇندىن كېيىن پەيلاسوپلار بېلىنى رۇسلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە ئۇرۇلغان ئەجەللىك زەربە بولغان. بۇ كىشىنىڭ ئالاھىدە ئۆزگىچىلىكى بار ئىدى، ھەر قانداق ئىدېئولوگىيەنى ھەر تەرەپتىن توغرا شەكىلدە چۈشىنىپ ھەزىم قىلالايتتى. ئۇنىڭدىن سىرت، پىكىرلىرىنى ساغلام لوگىكا بىلەن يەڭگىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ياخشى بىلەتتى.

• • •

بۇ كىشى ھېچكىم قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلغان. ئۇ بولسىمۇ ھاياتىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، بىر بۆلىكىنى تەپەككۇرغا، يەنە بىر بۆلىكىنى قەلبىگە ئاجراتقانلىقى. ھالبۇكى، ھەر ئىككىلا ساھەدە ئىمام ئىدى. بۇ كىشى باغدادتىكى «نىزامىيە» مەدرىسىسىدە دەرس ئۆتۈپ، شۇ دەۋردىن باشلاپ ھالا بۈگۈنگە قەدەر مۇتەپەككۇر، فەقىھلەرنىڭ نەزىرىنى جەلپ قىلىشۇالالايدىغان قالتىس ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى ئىبادەت، ئويلىنىش ئۈچۈنلا ئاجرالغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر تەسەۋۋۇپ ئېقىمدىكىلەرنىڭ غايىسى بولغان «ئىھيا ئۇلۇمىددىن(دىن ئىلىملىرىنى ئىھيا قىلىش)» ناملىق ئەسەرنى يازدى.

ئەمدى كىملىكىنى بىلدىڭىزمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ھۆججەتۇل ئىسلام (ئىسلامنىڭ ھۆججىتى) ئىمام ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد غەززالىيدۇر.

• • •

خوش، ئەمدى مۇھەممەد غەززالىينىڭ ئوقۇش، ئىلىم تەھسىل قىلىش ھېكايىسىگە كەلسەك، بۇ ئاجايىپ بىر قىسسەدۇر. ئۇنداقتا، سىز ئاجىزلىق دەپ قارىغان ئامىللارنىڭ، بۇ گېگانت شەخسنى قانداق يېتىلدۈرگەنلىكىنى ئىدراك قىلىشىڭىز ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوقۇش




ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا قۇلاق سېلىڭ. شۇنى بايقايسىزكى، مۇھەممەد غەززالىي گاھ ئاۋامنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىچىدە، گاھ يوقسۇللارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىچىدە. مۇبادا بىرەر قەلەمكەش ئۇنىڭ ئوقۇش، ئىلىم تەھسىل قىلىش ھاياتىنى يېزىپ چىقسا، شەكسىز ئىمام غەززالىيدەك ئالىم ياكى مۇتەنەببىيدەك شائىر ياكى نىزامۇلمۇلكتەك ۋەزىر ۋە ياكى زاھىرغا ئوخشاش پادىشاھ بولغان بولاتتى.

نىشاپۇرغا قايتىپ كېلەيلى. نىشاپۇردا توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سالىھ، بىراق قارا تۇرۇك بىر كىشىنىڭ كىچىك بىر دۇكىنى بار ئىدى. بۇ كىشىنىڭ پېشانىسىگە ئوقۇش پۈتۈلمىگەچ ئالىم بولالمىغان بولسىمۇ، بۇ كىشى ئىسلام ئۈممىتىگە ئىمام مۇھەممەد غەززالىيدەك تەڭداشسىز، يېتۈك ئالىمنى تەقدىم قىلدى. ئەگەر بۇ كىشى بولمىغان بولسا بۇ ئالىممۇ بولمايتتى، ئەلۋەتتە.

بۇ كىشى دەل مۇھەممەد غەززالىينىڭ ئاتىسى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەددۇر.

مۇھەممەد خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەسچىتكە كىرەتتى-دە فەقىھلەرنىڭ سۆھبەتلىرىگە قۇلاق سالاتتى. ئۆزىنىڭ ھالىغا ئۆكۈنۈپ، بىلمىسىز قالغانلىقىغا ئېچىنىپ يۇم - يۇم ياش تۆكەتتى. ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنى ئۆلىما قىلىپ بېرىشىنى تىلەيتتى. بىراق، قىرانلىق پەسلىگە خازان چۈشۈپ، ئۆمرى بىر يەرگە يەتكەن بولغاچقا

ئۆزىدىن كېچىپ، پۈتۈن ئۈمىدىنى ئوغلىغا باغلىدى. ئاللاھ تائالادىن ھەمىشە چىن دىلىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ، ئۆلىما بىر ئەۋلاد رىزىق قىلىپ بېرىشىنى تىلەيتتى. ئاندىن ۋەز - نەسىھەت سورۇنىغا داخىل بولاتتى. سۆھبەتلەردىن تەسىرلىنىپ ۋەزخان بىر ئەۋلاد رىزىق قىلىپ بېرىشىنى سورايتتى.

ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ بىر ئوغۇل بەردى. بۇ ئوغۇل مەن سىلەرگە تەرىپىنى قىلىۋاتقان بۈيۈك فەقىھ مۇھەممەد غەززالىيدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يەنە بىر ئوغۇل ھەدىيە قىلغان بولۇپ، گەرچە قېرىندىشى مۇھەممەد غەززالىيدەك شۆھرەت قازانمىغان بولسىمۇ، تارىخ كىتابلىرىدا ئىسمى ئورۇن ئالغان بۈيۈك ۋەزخان بولۇپ يېتىشتى.

ئىككى ئوغۇل تېخى كىچىك تۇرۇپلا بۇ مېھرىبان ئاتا ئەجەل شارابى ئىچتى. قەلبى ئەۋلادلىرىغا ئۆزى ئۆگىنەلمەي قالغان نەرسىلەرنى ئۆگىتەلمىگىنىگە ئۆرتەنگەن ھالدا سوقۇشتىن توختىدى. كۆز يۇمۇشتىن بۇرۇن ئىككى ئوغلىنى بىر سوپى بۇرادىرىگە ھاۋالە قىلىپ، قالدۇرۇپ كەتكەن پۈتۈن مال - دۇنياسىنى خىراجەت قىلىپ بولسىمۇ بۇ ئىككىسىنى ئوقۇتۇشنى تاپىلىدى.

مانا بۇ ئاتا بۈيۈك مۇتەپەككۇر مۇھەممەد غەززالىينى يېتىلدۈرۈشتىكى تۇنجى ئامىل ئىدى.

ئىككىنچى ئامىل: ئاتىسىنىڭ دوستى سوپىدۇر.

دەرۋەقە بۇ سوپى ئىككى قېرىنداشقا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىلمىنى ئۆگىتىپ، ياخشى ئوقۇشى ئۈچۈن ئاتىسى قالدۇرۇپ كەتكەن پۈتۈن بىساتنى سەرپ قىلىپ بولغاندا «مۇشۇنچىلىك ئوقۇساڭلار يېتەر، ئەمدى ئاتاڭلارغا ئوخشاش توقۇمىچى ياكى ماڭا ئوخشاش سوپى بولۇڭلار.» دېسە ئەلۋەتتە دېيەلەيتتى. نەتىجىدە مۇھەممەد غەززالىي گەرچە پەۋقۇلئاددە تالانتلىق بىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ تالانتى بۇ كىچىك شەھەردىكى تار بىر رايونىغىلا قاپسىلىپ قالاتتى-دە نامسىز ئادەتتىكى بىر كىشىگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. بىراق، نامى مەجھۇل بولسىمۇ نەزەر دائىرىسى ئوچۇق بۇ كىشى ئاللاھ تائالا ھەدىيە قىلغان مۆمىنلىك نۇرى بىلەن بۇ ئىككى بالىنىڭ يېتۈك ئۆلىمالاردىن بولۇش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، ھەر قانچە قىلسىمۇ بۇ ئازغىنە ئىلمى بىلەن بۇ ئىككىسىنى يېتەرلىك تەربىيەلىيەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىدۇ-دە مۇنداق دەيدۇ:

-باللىرىم، مەن ئاتاڭلار قالدۇرۇپ كەتكەن جىمى دۇنيانى سەرپ قىلىپ بولدۇم. مەن يوقسۇل بىر ئادەممەن. مەندە سىلەرگە بەرگۈدەك ھېچقانداق نەرسە قالمىدى. مەندىن «ئىلىم ئۆگىنىمەن» دېيىشىڭلار ھارامدۇر. ئەڭ ياخشىسى سىلەر ماۋۇ مەدرىسىلەردىن بىرىگە بېرىڭلار.

مانا بۇ مەدرىسىلەر غەززالىينى يېتىلدۈرۈشتىكى ئۈچىنچى ئامىل ئىدى.

سىلەر بۈگۈن دەمەشىق، ئۆمەرىيە، سالىھىييە، مۇرادىييە، بادرائىييەدە كۆرگەن بۇ مەدرىسىلەرنىڭ قالدۇقلىرى ئەمەلىيەتتە فاكۇلتېت ۋە بۆلۈملىرى بار ھەقىقىي ئۇنىۋېرسىتېت ئىدى.

بۇ مەدرىسىلەرنى بىر بۆلۈك سالىھ بايلار ۋە ئەمىرلەر بىنا قىلىپ، نۇرغۇن ۋەخپىلەرنى ئىنئام قىلىپ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئېچىۋەتكەن بولۇپ، مانا بۇ مەدرىسىلەر ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ ۋە ماددىي چىقىملىرىنى ھەل قىلىپ، يەلكىسىدىن تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈۋەتكەن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈنلا ئاجرالدى. مەدرىسە ئۇلارغا ئىلىملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان تەقۋالىق، ئەدەپ - ئەخلاقنى ئۆگەتتى. تەقۋالىقتىن، ئەخلاقتىن يىراق ھالدا تەھسىل قىلىنغان ئىلىم ئالىمغا ۋە كىشىلەرگە زىيانلىق. نادانلىق ئۇنداق ئىلىمدىن ياخشىراق! مەدرىسە ئۇلارنى دۇنيانىڭ پىتنىلىرى، ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ ئازدۇرۇشلىرىدىن ساقلاپ قالدى.

تۆتىنچى ئامىل: سەپەر

ئىمام مۇھەممەد غەززالىي خۇددى باشقا ئۆلىمالارغا ئوخشاش، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلدى. ئىلگىرىكى ئۆلىمالار تىجارەت، كەسىپ، ھۇزۇر، چىقىش يولى ئىزدەپ ئەمەس، بەلكى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈنلا ئىلىم تەھسىل قىلىش، ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن كېچىنى كېچە دېمەي، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي نەچچە كۈنلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەپەر قىلاتتى. مۇھەممەد غەززالىي مەلۇم بىر سەپىرىدە ھاياتىغا، كەلگۈسىگە پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆرسەتكەن بىر دەرسنى ئالىدۇ. بۇ دەرسنى ئالىم ياكى ھەدىسشۇناستىن ئەمەس، بەلكى بىر قاراقچىدىن ئالىدۇ.

قاراقچىلار مۇھەممەد غەززالىي بىرگە ماڭغان كارۋاننىڭ ئالدىنى توسۇپ، كارۋاندىكى پۈتكۈل نەرسىلەرنى ئېلىۋالىدۇ. غەززالىي ئۇستازىدىن ئاڭلىۋالغان دۇردانىلەرنى توپلىغان دەپتەرلەرمۇ بۇلانغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدا بولغاچقا يىغلاشقا باشلايدۇ ۋە قاراقچىغا:

-مېنىڭ كىيىم - كېچەك، مال - دۇنيا بىلەن پەرۋايىم پەلەك، ماڭا پەقەت نەچچە يىلدىن بۇيان تەھسىل قىلغان ئىلمىمنىڭ سەمەرىسىنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلار! - دەپ يېلىنىدۇ.

بۇ گەپتىن قاتتىق ئەجەبلەنگەن قاراقچى:

-نېمىتى ئۇ؟ - دەپ سورايدۇ.

غەززالىي:

-مېنىڭ پۈتكۈل ئىلمىم توپلانغان خاتىرە. - دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

قاتتىق كۈلۈپ كەتكەن قاراقچى:

-ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان نەرسىنى قانداقمۇ مېنىڭ ئىلمىم دەيسەن؟! ئەگەر بۇ خاتىرە يوقاپ كەتسە سېنىڭ ھېچنېمەڭ قالمايدىكەنغۇ! - دەيدۇ ۋە خاتىرىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئىمام غەززالىي دەيدۇ:

-ئاللاھ تائالا كۆزۈمنى ئېچىپ قويۇش ئۈچۈن بۇ قاراقچىنى مۇشۇنداق دېگۈزگەن ئىدى. مەن شەھەرگە يېتىپ بارغاندا خاتىرىدىكى پۈتۈن نەرسىلەرنى يادلىۋالدىم. ئەمدى يىتىپ كېتەمدۇ، ئوغرى ئالامدۇ، كۆيۈپ كېتەمدۇ پەرۋايىم پەلەك.

بەشىنچى ئامىل: ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى بولغان كاتتا ئالىم ئەبۇلمەئالى جۇۋەينىي بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش.

دەرۋەقە مۇھەممەد غەززالىي بۇ ئىمامنى نەچچە يىل ئۇستاز تۇتۇپ ئىلىم ئالغان ئىدى. باشتا ئۇستازىنىڭ يولىنى ياقىلاپ ماڭغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۆزى مۇستەقىل بولۇپ يېڭى بىر يولنى تۇتۇپ ماڭدى. ھەتتا ئەقلىي مەسىلىلەردە ئۇستازىنىمۇ بېسىپ چۈشتى. غەززالىي تا ھازىرغىچە ئىسلامىي پىكىر ساھەسىدە ئەڭ كاتتا ئۆلىما بولۇپ كەلمەكتە. خۇددى ئۆز دەۋرىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش بىزمۇ كىتابىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، پىكىرلىرىگە ھەيرانۇ - ھەس قالىمىز. سەككىز ئەسىردىن بۇيان ئىلىم گۈللىنىپ، ئەقىل تەرەققىي قىلدى. بىراق مۇھەممەد غەززالىي بۈگۈنكى كۈندىمۇ خۇددى بەشىنچى ئەسىردىكىدەكلا ھەممە ئادەم ئەگىشىدىغان تەڭداشسىز، يېتۈك ئىمام بولۇپ داۋاملاشماقتا.

• • •

سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلەر، غەززالىينىڭ ھاياتى ئىككى سەھىپە بولۇپ، مانا بۇ سەھىپە ئۇنىڭ ئىلمىي ۋە سوپىلىق ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

مۇھەممەد غەززالىينىڭ دىلىدا ئاتىسى تاپشۇرۇپ كەتكەن سوپىي ئۇستازىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى قالىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامىدىن ئۆگەنگەن ئىلمىي تەپەككۇر ئۇسۇللىرىمۇ ئۇنى ئۆزىگە تارتىدۇ. سوپىلارچە تەپەككۇر ئىلمىي تەپەككۇر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۇشتۇمتۇت جامەدىكى ئۇستازلىقىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىدۇ. ئاندىن ئۆز نەپسىنى زاھىتلىقتا كۆندۈرۈپ، تۈنلىرىنى بىدار ئۆتكۈزىدىغان، ئىنتايىن ئاز تائام بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، پەقەت ئىبادەتلا دەيدىغان ھاياتقا باشچىلاپ كىرىپ كېتىدۇ. مانا بۇ سوپىلارنىڭ ئىجاد قىلغان يولى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولى ۋە ئاللاھ تائالاغا يەتكۈزىدىغان ئەڭ يېقىن يولدۇر. شۇنداق قىلىپ غەززالىي قەبرىستانلىق ۋە قەبرىلەرنى تاۋاپ قىلىدىغان، چۆل - جەزىرىلەردە يېتىپ قوپىدىغان، دىلىدىكى بايلىق، يۈز - ئابرۇي، شەھۋەت سۆيگۈلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆز نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىدىغان بىر ھاياتنى باشلايدۇ.

«ۋەزخان باشقا كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىدىكى مال - دۇنيا، يۈز - ئابرۇي، نام - ئاتاق سۆيگۈسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، تەرغىب قىلىۋاتقان ئىدىيەسىگە تولۇق ئۆرنەك بولالايدىغان ھالەتكە يەتكەندە، ئاندىن باشقىلارغا نەسىھەت قىلىشى كېرەك» دېگەن ئىدىيەنى تىكلىگەن بولغاچقا، ھېچقانداق نەسىھەتكە قۇلاق سالمايدۇ. بۇ مەزگىلدە ھەج قىلىپ، شام، مىسىر قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىدۇ. دەمەشقنىڭ ئۇمەۋىي دېگەن يېرىدىكى بىر ھۇجرىدا ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالىدۇ. غەززالىي بۇ يەردىن ئۇمەۋىي جامەسىنىڭ غەربىي مۇنارىغا چىقىدىغان بولۇپ، كېيىنچە بۇ جاي «غەززالىي بۇلۇڭى» دەپ مەشھۇر بولغان ئىدى. غەززالىي دەل مۇشۇ جايدا «دىن ئىلىملىرىنى ئىھيا قىلىش» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىنى يېزىپ چىقىدۇ.[2]

دەمەشقتە ئاجايىپ ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ. غەززالىي بىر كۈنى سىمىيساتىيەگە نىقابلانغان ھالدا كېلىدۇ. ھاجەتخانىلارنى تازىلاش ئارقىلىق ئۆز نەپسىنى بويسۇندۇرماقچى بولىدۇ. مەسچىتكە ئاۋام سىياقىدا كىرىدۇ. كەچ كىرگەندە مەسچىتكە بىر سەھرالىق بىر مەسىلە سوراپ كېلىدۇ. كىشىلەر ئۇنى مۇپتى، ئۆلىمالارنىڭ سۆپىسىغا باشلاپ قويىدۇ. ئۇ كىشى سورىغان سوئالغا ئۆلىمالار جاۋاب بېرەلمەيدۇ. غەززالىي ئۇ كىشىنى چاقىرىپ مەسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورايدۇ. ئۇ كىشى: «مۇپتىلارمۇ جاۋابىنى تاپالمىغان مەسىلىنى سەن بىلەمتىڭ؟» دېگەندە، «قېنى ئېيتقىن» دەيدۇ، مەسىلىنى ئېيتقاندا غەززالىي جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ كىشى مۇپتىنىڭ قېشىغا بېرىپ: «سىلەر بىلەلمىگەن مەسىلىنى ئاۋۇ ساۋاتسىز كىشى بىلىدىكەن» دەپ ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. مۇپتىلار قاتتىق ھەيران قېلىپ غەززالىيدىن: «سەن كىم؟ سەندە چوقۇم بىر گەپ بار، كىملىكىڭنى دەپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ.» دەپ چىڭ تۇرۇۋالىدۇ . غەززالىي ئامالسىز ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بەرگەندە، ئۇلار: «ئەتە بىزگە بىر سورۇن قۇرۇپ بەرسىڭىز» دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ئەتىسى شۇنچە ئىزدىگەن بولسىمۇ غەززالىينى تاپالمايدۇ. چۈنكى مۇھەممەد غەززالىي تۈن نىسپىدە ئاللىبۇرۇن قېچىپ كېتىدۇ.

يەنە بىر ۋەقە، مۇھەممەد غەززالىي بىر قېتىم ئەمنىيە مەدرىسىسىگە كىرىدۇ. (ئەمنىيە مەدرىسىسى دۇنيادىكى ئىسلام مەدرىسىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمىيلىرىدىن بىرى بولۇپ، يېپەك بازىرىغا جايلاشقان ئىدى.) غەززالىي باشقىچە كىيىنىۋالغان بولۇپ، ئۇشتۇمتۇت ئۇستازىنىڭ ئۆزىنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ شەرھلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئاشكارا بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ دەرھال قېچىپ كېتىدۇ.

غەززالىي بىر مەزگىلدىن كېيىن يۇرتىغا قايتىدۇ. ئۇلار غەززالىينى ئۇستازلىق ماقامىغا قايتىشقا مەجبۇرلايدۇ. غەززالىي نىشاپۇردىكى نىزامىيە جامەسىدە مۇدەررىسلىك قىلىشقا باشلايدۇ، لېكىن بۇرۇنقى ھالىتىدەك ئەمەس. چۈنكى غەززالىي مۇنازىرە، يۈز - ئابرۇيدىن ۋاز كېچىپ زاھىتلىق يولىغا قەدەم قويغان ئىدى. ئاندىن بۇ يەردىنمۇ ئايرىلىپ، ئانا يۇرتى تۇسقا كېتىدۇ. ئۇ يەردە ھويلىسىغا خانىقا ۋە مەدرىسە ئىنشا قىلىپ، پۈتۈن ھاياتىنى ئىبادەت، زىكىر - تەسبىھ، مائارىپقا بېغىشلايدۇ.

غەززالىي ئەللىك بەش ياشقا كىرگەندە، ئىنتايىن گۈزەل شەكىلدە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىدۇ.

• • •

مانا بۇ پۈتۈن دۇنيادىكى مىسلىسىز مۇتەپەككۇرلارنىڭ، شۇنداقلا ئىسلام بايراقدارلىرىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىكلىرىدىن



ئىمام غەززالىينىڭ «شاھلارغا نەسىھەت» ناملىق ئەسىرى

2-دەمەشقتىكى بىر جاينىڭ ئىسمى

بىرى سانىلىدىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر مۇھەممەد غەززالىيدۇر. ھېچقانداق ئىنسان نۇقسانسىز ئەمەس ئەلۋەتتە. غەززالىينىڭ ئاجىزلىقى ھەدىس ساھەسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئاخىرقى ئۆمرىدە ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئۈرۈنغان بولسىمۇ، بىراق ۋاقتسىز ئەجەل ئىشىنى تاماملاشقا پۇرسەت بەرمەي دۇنيادىن ئېلىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا «دىن ئىلىملىرىنى ئىھيا قىلىش» ناملىق ئەسىرى گەرچە شۇنچىلىك قەدىرلىك بولسىمۇ، ئىچىدە بىر تالاي توقۇلما ھەدىسلەر بار. بۇ ئەسەرنى ئوقۇماقچى بولغانلار ئىراقىيغا ئوخشاش ھەدىسلىرىنى تەكشۈرۈپ چىققانلارغا مۇراجىئەت قىلىشى ياكى جامالىددىن قاسىمىيغا ئوخشاش قىسقارتقانلارنىڭكىنى ئوقۇشى كېرەك.

يەنە بىر مەسىلە، «ئىھيا ئۇلۇمىددىن»دا ئەكس ئەتكەن دۇنيادىن كۆڭۈل سوۋۇتۇپ، يوقسۇللۇققا مايىل بولۇش روھى زىنھار ئىسلامنىڭ روھى ئەمەس. روشەنكى، ئىسلامنىڭ روھى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنىڭ تەرجىمىھالىدا ئۆزىنى تاپىدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، غەززالىي بۇ ئەسەرنى شەرقتىن موڭغۇللار، غەربتىن ئەھلىسەلىپ قوشۇنى ئىسلامغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىۋاتقان پەيتتە يازغان. ئەگەر مۇسۇلمانلار مۇھەممەد غەززالىي «ئىھيا ئۇلۇمىددىن»دا تەرغىب قىلغان پىكىرگە ئەگەشكەن بولسا ئىدى، بىر تەرەپتىن موڭغۇللارنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئەھلىسەلىپ قوشۇننى چېكىندۈرىدىغان ھەربىي كۈچ ھەرگىزمۇ تېپىلمىغان بولاتتى.

مانا بۇ مۇھەممەد غەززالىيدۇر. ئىسلامىي ئىدېئولوگىيە ئەللىك يىلدىن بۇيان ئىبنى تەيمىيەنىڭ پىكرىنى ياقىلاپ كېلىۋاتاتتى. بىراق، بۈگۈن بولسا خۇددى ئۆتمۈشتىكىدەكلا غەززالىينىڭ پىكرىگە قايتماقتا. ھەر ئىككىلىسى كاتتا ئۆلىما. لېكىن غەززالىي پىكىر، بايان ساھەسىدە يېگانە. ئىبنى تەيمىيە بولسا كىتاب، سۈننەت ۋە ئەھلى سەلەفنىڭ يولىغا بەكرەك يېقىن.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ رەھمىتى ھەر ئىككىلا ئالىمغا ۋە شۇنداقلا ئىسلامىي پىكىر قۇرۇلۇشىغا كۈچ قوشقان بارلىق كىشىلەرگە بولسۇن.




«ئىھيا ئۇلۇمىددىن» ناملىق ئەسەرنىڭ قول يازمىسى



## ئەپسانىۋى
## مەغرىب قەھرىمانى، قوماندان
# مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلكەرىم خەتتابىي


**تەرجىمىدە: ئابدۇسالام مۇھەممەد**

ئىستانبۇل تەجدىد ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىسلام ئىلىملىرى كەسپى ئوقۇغۇچىسى


ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك باش كاتىپى ئابدۇراھمان ئەززام پاشا 1947-يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى يەمەن مۇجاھىدلىرى تەرىپىدىن كەلگەن مەخپىي تېلېگراممىنى ئوقۇپ كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەيلا قالدى. تېلېگرامما مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «دىققەت! ئىنتايىن جىددىي ۋە مەخپىي تېلېگراممىا. بۈگۈن فرانسىيە پاراخوتى پۇت - قوللىرى زەنجىرلەر بىلەن كىشەنلەنگەن ياشانغان بىر مەھبۇسنى ئېلىپ كېلىپ ئەدەن پورتىدا توختىدى. بۇ كىشى 20 يىلدىن بۇيان ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغان ئاشۇ ئەپسانىۋى ئىسلام قەھرىمانىغا ئوخشايدىكەن. پاراخوت ئەتە فرانسىيەگە قاراپ يولغا چىقىپ مىسىرنىڭ بۇرسەئىد پورتىدىن ئۆتىدۇ، ئاگاھ بولغايسىلەر!».

ئەززام پاشا تېلېگراممىنى ئوقۇپ دەرھال پادىشاھ فارۇقنى مەندۇب بوغۇزىدىن كەلگەن بۇ پەۋقۇلئاددە تېلېگراممىنى كېڭەشكە چاقىردى. كېڭەش پادىشاھ قەسرىدە ئەززام پاشا بىلەن پادىشاھ فارۇق ئوتتۇرىسىدا مەخپىي ئېلىپ بېرىلدى. كېڭەش نەتىجىسىدە مىسىر ساقچىلىرى سۇۋەيس قانىلىدا فرانسىيە پاراخوتىنى توسۇپ، مەھبۇسنى قاھىرەدىكى پادىشاھ قەسرىگە ئېلىپ كېلىپ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاش قارار قىلىندى. قارار ئېلىنىپ 24 سائەت ئىچىدە مىسىر ساقچىلىرى، پۇتلىرىدا ئېغىر زەنجىر كىشەنلەرنى سۆرەپ مەزمۇت قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كېلىۋاتقان، ئاپئاق ساقاللىق ياشانغان بىر مەھبۇسنى ئېلىپ كەلدى. مەھبۇسنىڭ ۋۇجۇدىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېچ كىشىگە پىنھان بولمىغان بىر خىل ئۇستۇنلۇك ۋە ئالىيجانابلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئاددىيغىنە ئاپئاق كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، پۇت - قوللىرىدىكى خۇددى پىچاقتا ئويۇۋېلىنغاندەك قانلىق ئىزلاردىن ئۇنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى زىنداندا ئېغىر قىيىن - قىستاقلارغا ئۇچرىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ پادىشاھ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، پادىشاھ ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى سورىدى. ئەسىر بېشىنى كۆتۈرۈپ قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ پادىشاھقا لاچىنىنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، تولۇپ تاشقان شىجائەت ۋە ئىشەنچ بىلەن دېدىكى: «مەن قوماندان ئابدۇلكەرىم خەتتابىي...»

بىز ئەمدى ئازراق تارىخقا قايتىپ قاھىرەدىن غەربكە، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا 1883-يىلدىكى ماراكەشنىڭ «ئەغادىر» سەھرالىرىغا نەزەر سېلىپ باقايلى. شۇ يىلى ئاللاھ ئەمازىغ قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقىلى شەيخ «ئابدۇلكەرىم خەتتابىي»غا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نام شەرىپىنى سېغىنىش ۋە سۆيۈنچ يۈزىسىدىن، پەرزەنتىنىڭ ئىسمىنى «مۇھەممەد» دەپ قويدى. شەيخ ئوغلىنى كىچىكىدىن باشلاپلا ھەقىقىي سالىھ مۆمىن ئائىلە تەربىيەسىدە يېتىشتۈرۈشنى كۆزلەپ، كىچىكىدىنلا ئەرەب تىلى ئۆگىتىش، «قۇرئان كەرىم» يادقا ئالدۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار دەسلەپكى تەلىم - تەربىيەلەرنى ئېلىپ باردى. كېيىن ھەدىس ۋە فىقھى ئىلىملىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن فاس شەھىرىدىكى «قەرەۋىيىن» ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەۋەتتى. بىر قانچە يىل تىرىشىش نەتىجىسىدە مۇھەممەد ياش تۇرۇپلا ماراكەشتىكى مەلىلىيە شەھىرىنىڭ باش قازىسى بولدى. مۇھەممەد قازىلىق قىلىۋاتقان شۇ يىللاردا ماراكەشتىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بىر ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. مۇستەملىكە دۆلەتلىرى ماراكەشنىڭ تارىختىن بۇيان باتۇر ئوغلانلارنى يېتىشتۈرىدىغان «قەھرىمانلار يۇرتى» ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. دەرۋەقە ئەينى يىللىرى «مۇرابىتلار» دۆلىتىنىڭ مۇجاھىدلىرى ئەندەلۇس پەتھىگە دەل مۇشۇ ئەزىز ماكاندىن ئاتلانغان، «مۇۋەھھىدلەر» دۆلىتىنىڭ دېڭىز قوشۇنىمۇ ياۋروپا پەتھىنىڭ تۇنجى سەپىرىنى مۇشۇ يەردىن باشلىغان، نۇرۇل ئىسلام مۇجاھىدلىرىنىڭ قوشۇنلىرىمۇ «تارىق ئىبنى زىياد»نىڭ قوماندانلىقىدا تۇنجى قېتىم ياۋروپاغا يەنە مۇشۇ دىياردىن يۈرۈش قىلغان. شۇڭلاشقا، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى يىللاردىن بۇيان ئۆزىگە كېلىۋاتقان بۇ خەتەرلىك قارا چۈشنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشنى پىلانلاپ، 1906-يىلى 12 ياۋروپا دۆلىتى «خەلقئارا سىياسەتتە ئامېرىكا دەخلىسى بولماسلىقى» بەلگىلەنگەن «مونرۇ كېلىشىمنامىسى»گە خىلاپ ھالدا ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «يېشىل ئارال» قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ «مەغرىب ئىسلام يۇرتلىرىنى»[1] بۆلۈۋېتىشنى قارار قىلىشتى.



«مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىسلام خەلىپىلىكىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام نامى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ نام شەرىپى پۈتكۈل ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ھىندىستان قىتئەلىرىنى قاپلىغان بۇ كىشى ياۋروپا ئەللىرىگە كېلىۋاتقان زور خەتەردۇر».

(ئەنگلىيە ئاۋام پالاتاسى ئەزاسى سىر كۇرتى _ 1921-يىلى)

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، مۇستەملىكە دۆلەتلىرى مەغرىب ئىسلام مەملىكىتىنى بۆلۈۋېتىش بىلەنلا بولدى قىلماي، زېمىن يۈزىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنتايىن قەبىھ ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلدى. فرانسىيە مەغرىبنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن ماۋرىتانىيەنى، ئىسپانىيە شىمالدا غەربىي چۆللۈك ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا فرانسىيە ھازىرقى مەغرىبنىڭ ئوتتۇرا

1- ماقالىدىكى مەغرىب ئىسلام دۆلىتى ھازىرقى ماراكەش، تونىس، مۇرىتانىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شىمالىي ئافرىقا دۆلەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۈگۈنكى مەغرىب دۆلىتى بولسا پەقەت ھازىرقى ماراكەش دۆلىتىنىلا كۆرسىتىدۇ.

قسىملىرىغا، ئىسپانىيە شىمالىي ساھىل ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاقلارغىچە كېڭەيدى. گېرمانىيە، ئىتالىيەمۇ قۇرۇق قالماي شۇ جايلار ئەتراپىدىن بىر قىسىم شەھەرلەرنى بېسىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھەممىسى مەغرىب دىيارىدا ئىسلامنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى مەڭگۈلۈك يوقاتتۇق دەپ ئويلاشقانىدى. ھالبۇكى، شەيخ ئابدۇلكەرىم ۋە ئوغلى مۇھەممەد (ئاللاھ ھەر ئىككىسىگە كاتتا ئەجىر ئاتا قىلسۇن.) باشقىچە يول تۇتتى. ئاتا - بالا ئىككىيلەن ئۇرۇشقاق قەبىلىلەرنى بىر ئىسلام بايرىقى ئاستىغا توپلاشقا باشلاپ، يەنە بىر ياقتىن شۇ ۋاقىتتىكى ئوسمانىيە خەلىپىسى بىلەن ئالاقە قىلىشقا كىرىشتى.

شۇنداق تۇرغان ۋاقىتلاردا ئىسپانلار مۇجاھىد شەيخ ئابدۇلكەرىم خەتتابىينى شەھىد قىلىپ، ئوغلى مۇھەممەدنى ئەسىر ئېلىپ، مەغرىبنىڭ مەلۇم بىر تاغ چوققىسىدىكى تۈرمىگە تاشلىدى. ئەمما باھادىر ئوغلى بولمىش بۇ يىگىت تۈرمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاجايىپ بىر شەكىلدە يوتقان - كۆرپىلىرىدىن بىر ئارغامچا ياساپ چىقتى، ئەمما ئارغامچا تاغ چوققىسىدىن چۈشۈشكە يەتمەيتتى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئالدىدا پەقەت ئىككى تاللاش بار ئىدى: يا تۈرمىگە قايتىش يا ئېگىز چوققىدىن قۇرام تاشلار ئۈستىگە سەكرەپ چۈشۈش. شەيخ مۇھەممەد تۈرمە ساقچىلىرى ئۆزىنى بايقاپ قېلىپ تۈرمىگە قايتا قاماشتىن ئىلگىرى قۇرام تاشلار ئۈستىگە سەكرەشنى تاللىدى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ پۇتلىرى سۇنۇپ، تاشلارغا قاتتىق سوقۇلغانلىقتىن ئەس - ھوشىنى يوقاتتى. شۇنداق قىلىپ بىر مەزگىللىك ئەسىرلىكتىن كېيىن قوماندان مۇھەممەد ئابدۇلكەرىم خەتتابىي تۈرمىدىن چىقتى. چىققاندىن كېيىن مەغرىب قىشلاقلىرىدىن 3000 مۇجاھىد قوشۇنى تەشكىللەپ، ئۇلارغا ئەسكىرىي بىلىملەرنى ئۆگەتتى. ئاندىن يېڭى بىر جەڭ ئۇسلۇبى ئىجاد قىلدى. ئەمىر خەتتابىي يېڭى زامان تارىخىدا ئۇ خىل ئۇسلۇبنى پارتىزانلار ئۇرۇشىدا قوللانغان تۇنجى كىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، دۇنيادىكى پۈتۈن قوزغىلاڭلار بۇ خىل ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش، قايتۇرما زەربە بېرىش، ئارقىغا چېكىنىش قاتارلىق ئەسكىرىي تەربىيەنى بىر گەۋدە قىلغان بۇ ئۇسۇلنى ئىشلەتتى. بۇندىن باشقا، قوماندان قارشى تۇرۇش تاكتىكىسى ھەققىدە بىر جەڭ تاكتىكىسى ئىجاد قىلغان بولۇپ، نەق شۇ جەڭ ئۇسلۇبىنى بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئامېرىكا - ۋيېتنام ئۇرۇشىدا ۋيېتنام قوماندانى ھوشىيمنو مۇھەممەد ئابدۇلكەرىمدىن ئۆلگە ئېلىپ ئامېرىكا قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرۇش جېڭىدە ئىشلەتتى. بۇ تاكتىكا بولسا دۈشمەن گارازىملىرىغىچە تۇتىشىدىغان گەملەرنى قېزىش. بۇ تاكتىكا ئارقىلىق خەتتابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىسپان قوشۇنلىرىغا يېڭى - يېڭى ساۋاقلارنى بېرىپ قوياتتى. ئىسپان قوشۇنلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىسپانىيە پادىشاھى ئالفونسو ئون ئۈچ ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى گېنېرال مايور سىلفىستىرى باشچىلىقىدا مادرىدتىن مەغرىبكە مۇكەممەل قوراللانغان زور بىر قوشۇن ئەۋەتتى. ئىككى قوشۇن ئۇنتۇلماس «ئەنۋال» جېڭىدە ئۇچراشتى. ئىسپانىيە قوشۇنلىرى قوللىرىدا پەقەت ئىپتىدائىي قوراللارلا بولغان ئازغىنە 3 مىڭ مۇجاھىدقا قارشى 60 مىڭ پىيادە ئەسكەر، نۇرغۇن ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى ۋە تانكىلىرى بىلەن قوراللانغانىدى. لېكىن ئىككى قوشۇننىڭ بىرى ئاللاھ يولىدا، يەنە بىرى باتىل كرېستلىرى يولىدا ئۇرۇش قىلاتتى. ئاللاھنىڭ مۆمىنلەرگە قىلغان ۋەدىسى ھەقىقەتتۇر، باھادىر قوماندان مۇھەممەد خەتتابىي باشچىلىقىدىكى ئاشۇ ئازغىنە 3 مىڭ مۇجاھىد ئوغلانلار، زامانىۋى قوراللار بىلەن تولۇق قوراللانغان 60 مىڭ دۈشمەن ئەھلىسەلىپ قوشۇنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. مۇسۇلمانلار شۇ بىر جەڭدىلا ئىسپانىيە ئەسكەرلىرىدىن 18 مىڭ ئەسكەرنى قىرىپ تاشلاپ، يەنە ئون نەچچە مىڭ جەڭچىنىمۇ ئەسىر ئالدى. پەقەت 600 نەپەر ئەسكەر جەڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، خۇددى ئىت - ئېشەك مىسالى مەغرىب قىشلاقلىرىدا كۆرگەن ئاجايىپ ۋەھىملىك ھادىسىلەرنى پادىشاھىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىسپانىيەگە قېچىشقا ئۈلگۈردى. شۇ قېتىملىق جەڭدىن كېيىن، قوماندان خەتتابىي مەغرىبنىڭ شىمالىدا «مەغرىب ئىسلام ئەمىرلىكى»نى قۇردى. كېيىنكى بەش يىل داۋامىدا خەتتابىي بىر تەرەپتىن كىشىلەرگە ھەرخىل خۇراپاتلىق ۋە دەرۋىشلىكتىن خالىي ھالدىكى توغرا،

ساغلام دىنىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە بىر تەرەپتىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ئىلمىي ئۆمەكلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ھەرقايسى چېچىلىپ كەتكەن قەبىلىلەرنى ئىسلام بايرىقى ئاستىغا بىرلەشتۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

ھەرقانداق بىر ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى ئارقىسىدا يۈز بەرگىنىدەك، بىر ئىسلام دۆلىتى يېڭى




( ئامېرىكا مۇخبىرى فانسىن شون_1926-يىلى)

بارلىققا كېلىپ مەۋجۇت بولسىلا دۇنيا ئىقمىي ۋە تارىخ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت خەتەرنى ھېس قىلىپ يەتكەن، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇشتىن باشقا ھېچبىر ئىش ئۈچۈن بىر يەرگە كېلەلمەيدىغان ئەھلىسەلىپ دۆلەتلىرى يەنە بىر قېتىم بىر يەرگە يىغىلىشتى. ئۇلار پەقەت ئادەتتىي قوراللار بىلەن قوراللانغان 20 مىڭ مۇجاھىدقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ ھەرخىل زامانىۋى قوراللار، ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى، تانكىلىرى بىلەن قوراللانغان 500 مىڭ كىشىلىك ياۋروپا ئىتتىپاقداش ئارمىيەسىنى تەشكىللىدى. نېمىدېگەن ھەيران قالارلىق ھە! ئەمما مۇجاھىدلار يەنىلا

قوماندان مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلكەرىم خەتتابىينىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا بارلىق ھاۋا ھۇجۇملىرىدا غەلىبە قىلىپ، دۈشمەن قوشۇننى ئارقا - ئارقىدىن زور تالاپەتكە ئۇچراتتى. ياۋروپا ئىتتىپاقداش قوشۇنى بۇ قەھرىمانىمىزنى ئەسلا بويسۇندۇرالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، بىر قىسىم بىدئەتچى، مۇتەئەسسىپ سوپىلارنى سېتىۋېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خائىن سوپىلار قوماندان خەتتابىيغا قارشى تۇرۇشقا باشلىدى، بۇ بىدئەتچى سوپىلار ئۆزلىرىنىڭ سەكرەپ ئۇسسۇل ئويناش، دەرۋىشلىك ۋە مەۋلۇت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئاللاھ ھېچبىر دەلىل - پاكىت چۈشۈرمىگەن ھەرخىل سوپىزم بىدئەتلىرىگە قارشى تۇرىدىغان قوماندان خەتتابىيغا خىيانەت قىلىشتى ۋە خەتتابىي بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا پەتىۋا بېرىشتى.

ھالبۇكى، شۇ ۋاقىتلاردا بىر تەرەپتىن فرانسىيە -ئىسپانىيە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى يۇقىرىلار ئۈستىگە خىمىيىلىك بومبا ۋە زەھەرلىك گازلارنى ياغدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى مەغرىبنىڭ ساھىللىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغانىدى. قوماندان بىر تەرەپتە خائىن سوپىلار بىلەن ئۇرۇش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتە ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى بىلەن تەڭ ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا پەقەت ئاللاھقا شېھىتلىك ئەھدىسى بەرگەن 200 مۇجاھىدلا قالغانىدى. بۇ ئوغلانلار ئەھلىسەلىپ قوشۇنى ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنگە قەدەر باتۇر ئارسلان كەبى جان تىكىپ ئۇرۇش قىلدى. شۇڭلاشقا ئەھلىسەلىپلەر يەنە كونا ئۇسلۇبى بويىچە پىلانلاپ، مۇسۇلمانلارغا تىنچلىق كاپالىتى بېرىش ۋە مەغرىب ئەھلىگە تولۇق ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق ئىچىدە ياشاش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىش بەدىلىگە قوماندان خەتتابىي بىلەن سۈلھى تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئەھلىسەلىپلەر ئۆزۈن يىللىق ئاتا مىراس ئادىتى بويىچە بۇ قېتىم يەنىلا ئەھدىلىرىگە خىيانەت قىلىشتى. ئۇلار مۇجاھىد قوماندان مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلكەرىم خەتتابىينى تۇتقۇن قىلىپ، ھىندى

ئوكيانىدىكى مەخپىي، يىراق بىر ئارالغا سۈرگۈن قىلىدى. بۇ سۈرگۈن بىر يىل ياكى ئىككى يىل ئەمەس، بەلكى توپتوغرا 20 يىللىق سۈرگۈن بولۇپ، قەھرىمان شۇنچە ئۇزاق يىللارنى كىشىلىك ھەق - ھوقۇقنى جار سېلىشىدىغان ۋە پۈتۈن دۇنياغا فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە دوستلۇق ئاساسىدىكى ئىنقىلاب ئىكەنلىكى شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىقىشقان شۇ كىشىلەرنىڭ زۇلمىدا، ئەسىرلىكىدە ئۆتكۈزدى.

ئەي فاشىست جىنايەتچىلەر! ئەي زالىم مۇستەبىتلەر! ياشىنىپ قالغان ئاجىز بىر كىشىنى 20 يىل قاماپ قويۇپ، سىلەر دەۋا قىلىۋاتقان قايسى ئەركىنلىك ئۇ؟ ئاياللار ۋە كىچىك بالىلارنى خىمىيىلىك گازلار بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، سىلەر ھە دەپ جار سېلىۋاتقان قايسى باراۋەرلىك ئۇ؟ ئاجىزلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش بەدىلىگە بەرپا بولغان مەدەنىيەتچىلار ئارقىلىق بەزى نادانلارنى ئۆزۈڭلارغا قۇل قىلىۋاتقان قايسى قېرىنداشلىق ئۇ؟ ئەگەردە ئاجىز ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈش مەدەنىيەت بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا سىلەر ۋە سىلەرنىڭ شۇ رەزىل مەدەنىيەتچىلار قۇرۇپ تۈگىگەي، ئىلاھىم!

## خاتىمە

مانا بۇ ئۆچمەس ئىسلام تارىخى داستانىنىڭ مەلۇم بىر قىسىم قۇرلىرى. مانا بۇ ياشلىق باھارىنى «لا إله إلا الله محمد رسول الله» بايرىقىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن قۇربان قىلغان بىر بۈيۈك ئىسلام قوماندانىنىڭ باھادىرلىق ئۆلگىسى. ئەمما ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق، يۈرەكلەرنى ئېچىندۇرىدىغان تەرىپى شۇكى، نۇرغۇنلىغان ياشلىرىمىز پەقەت دۇنياۋى مەنپەئەت ۋە ياكى كوممۇنىزم پرىنسىپى ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلغان ئاتالمىش «قەھرىمان» كىشىلەرگە قارىغۇلارچە ئىنتىلىدۇ-يۇ، ئەمما ئۆزىنى ئىسلام ۋە ئىسلام ھۆرلۈكى ئۈچۈن پىدا قىلغان بۇ ئەپسانىۋى شەخسنىڭ مۇبارەك نامىنى ئەسلا بىلمەيدۇ. ئەگەر ئاشۇ ياشلىرىمىز كوممۇنىزم ئىنقىلابچىسى «چې گۇئېۋارا»نىڭ رەسىملىرىنى ئېسىۋالغانلىرىدا، ئۇنىڭ مەخسۇس ئىسلام قەھرىمانى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلكەرىمدىن تەلىم ئېلىش ئۈچۈنلا قاھىرەگە كەلگەنلىكىنى بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ياشلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى ئۇنتۇپ كەتكەن ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلدۇرۇلغان ئۆز تارىخى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى ئۆزگەرگەن بولاتتى. بۇ باھادىر قوماندانىنىڭ ئۇشبۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە سۆزلەپ ئۆتۈلگەن، ھەممىنى قايىل قىلىدىغان باتۇرلۇق قىسسىلىرىنى دېمەي تۇرساقمۇ، ئۇنىڭ «ساھابە كىرام» ئەمەسلىكى، ھەتتاكى «ئەرەب» ئەمەسلىكىنىڭ ئۆزىلا، ساھابە كىراملارنىڭ ئىسلام ئۈچۈن كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى ۋە قۇربانلىقلىرىدىن ئۆلگە ئېلىش تەلەپ قىلىنسا «بىز <ساھابە> ئەمەسمىز» دېگەن ئاقماس دەلىل بىلەن ئۆزىنى ئالدايدىغان بىچارىلەرگە يېتەرلىك رەددىيە بولالايدۇ. شۇنداقلا، مىلادىيە 20-ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن بۇنداق بىر باھادىر ئەركەكنىڭ ھېكايىسى ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تارىخىدىن ھېچبىر مەلۇماتى يوق ئاشۇ بىچارىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئاقماس باھانىلىرىگە ئەڭ ياخشى جاۋاب بولالايدۇ.[2]




2- مەنبە: جىھاد تۇربانىينىڭ «مائة من عظماء أمة الإسلام غيروا مجرى التاريخ» ناملىق كىتاب، «دار التقوى» نەشرىياتى، بىرىنچى نەشرى

www.uyghurkitap.com



# ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئالتۇن نەسىھەتلەر[1]

تەرجىمىدە: ئابدۇلئەھەد سۇبات
ئىستانبۇل تەجدىد ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىسلام ئىلىملىرى كەسپى ئوقۇغۇچىسى

1-ئوقۇغۇچى ھىممىتىنى مىللىتى ۋە دۆلىتى ئېھتىياجلىق، مەنپەئەتلىك ئىلىملەرگە قارىتىشى كېرەك. ئوقۇغۇچى ئۆزى قىزىققان، ياخشى كۆرگەن ۋە زىيادە ئىشتىياقى بار ئىلىملەرنى ئۆگەنسىمۇ بولىدۇ، لېكىن ئوقۇغۇچى جەمئىيەتكە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان، ئۆز مىللىتى ۋە دۆلىتى ئېھتىياجلىق ئىلىملەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چۈنكى ئوقۇغۇچى ئىلىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورۇنباسارىدۇر. ئېيتىلىشىچە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر بۇرادىرىگە: «كەلگىن ھەدىس توپلايلى، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا ئېھتىياج چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەنىكەن. ئىمام سىبەۋەيھمۇ بىر بۇرادىرىگە: «كەلگىن خەلىلنىڭ ئىلمىنى (ئەرەب تىلى گراماتىكا ئىلمىنى) توپلايلى» دېگەنىكەن.

2-كىشىلەرگە قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنى ئۆگەتكەن كىشى گەرچە ئالىم بولمىسىمۇ ئۆزىنى ئاددىي چاغلىمىغاي، چۈنكى قۇرئاننى ئوقۇشنى ئۆگىتىش

1-ئەللامە شەيخ دوكتور مەھمۇد ئابدۇراھماننىڭ 2017-يىلى 10-ئاينىڭ 29-كۈنى سۆزلىگەن لېكسىيەسىدىن ئېلىنغان «ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن نەسىھەت ۋە كۆرسەتمىلەر»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيىنى يەتكۈزۈشىنىڭ بىر قىسمىدۇر. «پەرۋەردىگارىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (قۇرئاننى)، ھېكمەتنى يەنى (سەھىھ سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن[2] ئىش قىلغۇچىسەن دېدى».

3- ئىلىم تەھسىل قىلغاندا نېگىزلىك ۋە ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگەن. «نېگىزلىك بىلىملەرنى كۆپ ئۆگەنگىن، ناتوغرا ۋە ئىشەنچىسىز ئۇچۇرلارغا ۋاقىت ئىسراپ قىلما.»

4- قانداق كىشى بىردىن ئارتۇق نەرسىنىڭ كەينىدىن قوغلىسا ھەممىسىدىن قۇرۇق قالىدۇ.

5- سەن بىلىم ئېلىش ئۈچۈن پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭ بىلەن بېرىلمىگۈچە سەن بىلىمدىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن. سەن ئىلىمگە پۈتكۈل بېرىلسەڭ، ئاندىن ئىلىمنىڭ بىر قىسمىغا ئېرىشەلىشىڭ مۇمكىن.

6- ئۆگىنىش سەپىرىڭنى بەكلا ئاددىي مەزمۇنلار بىلەن باشلىمىغىن، زىيادە قىيىنلىرىغىمۇ ئېسىلىۋالمىغىن. ئاددىي مەزمۇنلار ئۆگىنىۋاتقان نەرسەڭنى سەل چاغلىتىپ ترىشچانلىقىڭنى تۆۋەنلەتسە، زىيادە قىيىنلىرى قىزىقىشىڭغا سوغۇق سۇ سېپىدۇ. لېكىن سەۋىيەڭدىن ئازراق يۇقىرى بولغاننى ئۆگەن، سېنى ئۆزىڭگە باغلاپ تۇرسۇن. ئەگەر ئوخشاش سەۋىيەدىكى ياكى تۆۋەن سەۋىيەدىكى نەرسىلەرگە ۋاقتىڭنى سەرپ قىلساڭ، نەتىجە ئالالمايسەن.

7- ئۇستازلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بول، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەدەپنى ساقىت قىلما، چۈنكى كىتابتىن مىڭ قېتىم ئوقۇپ تەھسىل قىلالمىغان ئىلىمنى ئۇستازلارنىڭ ئالدىدا بىر قېتىم ئوقۇش بىلەنلا ئالغىلى بولىدۇ.

8- ئوخشىمىغان ئۇستازلاردىن دەرس ئاڭلا، چۈنكى ئۆلىمالار (ئوچۇق قىلمىسىمۇ) بىر - بىرىنى تۈزىتىپ قويىدۇ.

9- باشلىغان كىتابىڭنى تۈگەتمەي تۇرۇپ يەنە بىر كىتابقا يۆتكەلمە. ئۇنداق قىلساڭ، سەممىي ۋە پىشقان بىر ئالىمنىڭ يول كۆرسىتىشى بولمىسا كەمتۈك، يېتەرسىز مەلۇماتلارغا ئېرىشىپ قالىسەن.

10- دىنىمىزدىكى پۈتۈن بىلىملەرگە دائىر ئۇچۇرلار تارىختىن بېرى تەرەققىي قىلىپ مېتودلۇق ھالەتتە پەنلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر پەننىڭ تارىخى بار.

11- بىزنىڭ زامانىمىز كىشىلەردىكى ئەقىدىنى مۇستەھكەملەش، ئۈممەتنىڭ مۇقىملىقىغا، ئۈممەتنىڭ دىنىنى ۋە بىرلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ھەمدە ئىجتىمائىي يېغلىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان زاماندۇر.

12- يۇرۇش - تۇرۇش، تەربىيە ۋە نەپسىنى پاكلاشقا ئەھمىيەت بەر. «روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ.» سالىھلارنىڭ سۆھبىتىگە دائىم قېتىل ۋە تۆۋەندىكى كىتابلاردىن ئوقۇغىن: «دىنىي بىلىملەرنى تىرىلدۈرۈش _ ئىمام غەززالىي»، «ئەخلاق ۋە يۇرۇش - تۇرۇشنى تەربىيەلەش _ ئىبنى ھەزم»، «ياخشىلار باغچىسى _ نەۋەۋىي»، «ئىبنى قەييىم كىتابلىرى ». ئىمام مالىكتىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:« قەلبىمدە بىرەر قوپاللىق سەزسەم، شەيخىم مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا سەپ سېلىپ قارايتتىم، ئاندىن قەلبىم بىر نەچچە كۈن تەسكىن تاپاتتى.» دەيدۇ.

13- بىلىم يولىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلە، ئەھۋالىڭنى بىلىدىغان ئالىمنىڭ يول كۆرسىتىشى بولماي تۇرۇپ سەكرەپلا يۇقىرى سەۋىيەگە چىقىۋالما، چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاشمايدۇ.

14- ئۆگەنگەن تېماڭنى، شۇ تېمىدىكى ئىختىلاپ ۋە تالاش - تارتىش بىلەن باشلىمىغىن، سەن ۋەتىنىڭدىكىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتقىنىڭ يوقسەن، ۋەتىنىڭگە يېڭى مەزھەپ تارقىتىپ ئۇلارنى پارچىلىۋېتىدىغان ئىشنى قىلما. راست، كۆزقاراش ۋە مەزھەپلەرنىڭ ھەرخىل بولۇشى ئاللاھنىڭ بىر رەھمىتىدۇر. بىراق، سۇيىئىستېمال قىلىنسا ئاپەتكە ئايلىنىدۇ. رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئىمام مالىكقا «مۇۋەتتا»نى ئالتۇن سۈيى بىلەن يېزىپ كەبىگە قويۇش ۋە ھەرقايسى يۇرتلارغا تارقىتىش پىكرى بېرىلگىنىدە ئىمام



2- بەقەرە سۈرىسى، 129- ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مالىك «كىشىلەرگە مۇشەققەت بولۇپ قالمىسۇن.» دەپ رەت قىلغان.

15- ئىماملارنى دەلىل بىلەن ئەمەل قىلمىغان دەپ قاراپ، ئىماملارنىڭ سۆزىنى تەرك ئېتىپ ئۆزىنى «دەلىلگە ئەگەشتىم.» دەپ ئويلاپ قالغان ئادەم بۇ دەۋاسىدا ئاساسسىز بولۇپلا قالماستىن، كاللىسىدىن چاتاق چىققان ئادەمدۇر. ھەربىر تارماق مەسىلىنىڭ تايانغان ئاساسى ۋە قائىدىسى بولىدۇ، بىراق بەزىلەر تۆۋەن باسقۇچتىكى ئىلمىي كىتابلارنى ئوقۇپ، كىتابتىكى قاراشلار كۆزىگە دەلىلسىزدەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ-دە: «ئاپتور دەلىلسىز ئىكەن، ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگەشكەنىكەن.» دېگەنىدەك بولمىغۇر خىياللاردا بولۇپ قالىدۇ. بۇ راستتىنلا شۇنداقلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ بىلمىسىزلىكىدىندۇر.

16- بىرسى «دەلىل بىلەن ئەمەل قىلىۋاتىمەن.» دەپ دەۋا قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ دەلىلى بىلەن ئىماملارنىڭ سۆزلىرىنى توغرىلىماقچى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ نە ئىزدىنىپ يەكۈن چىقىرىش ئىقتىدارىغا، نە ھۆكۈم پىچىش سالاھىيىتىگە ئىگە. ئۇ پەقەت كىتابلاردىكى تەييار بىلىمنىلا بىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر خۇددى بىر تەخسە بىلىق قورۇمىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپلا، بىزنى ئۆزىنىڭ ئۇستا ئوۋچى ئىكەنلىكىگە قانائەتلەندۈرمەكچى بولغان ئادەمگە ئوخشايدۇ.

17- قەتئىييات (جەزم قىلىنغان دەلىللەر) بىلەن زەننىياتنىڭ(شەك بولغان دەلىللەر) ئوتتۇرىسىنى ئايرىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچى ئالدى بىلەن قەتئىييات ۋە ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان كۇللىياتتىن(ئاساسىي بىلىملەر) باشلىشى ۋە زۆرۈر بولغان تارماق ئىلىملەر بىلەن مېتود بىلىملىرىنىمۇ ئوقۇشى كېرەك.

18- ھوسۇل ئېلىشقا ئالدىرىماسلىقىمىز كېرەك. ھەرقانداق بىلىمنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلىدىغان بىر ۋاقتى بار. بىلىمنىڭ نەتىجىسى باشقا بىر بىلىم ئارقىلىق ۋە ياكى باشقا بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. باشقا كونتېكىستلەر بىلەن ئىشلىتىلمىسە تولۇق مەنە ئىپادىلىيەلمەيدىغان قائىدىلەر بار. بۇنىڭ مىسالى بىر نەچچە خىش قويار - قويمايلا بىنادىن پايدىلىنىشقا ئالدىرىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن: «أكلوني البراغيث _ مىنى بۈرگىلەر يەپ كەتتى.» دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «يتعاقبون فيكم ملائكة _ سىلەرنى پەرىشتىلەر كۆزىتىپ تۇرىدۇ...» دەپ باشلانغان ھەدىسىنى ئوقۇغان چاغدا چۈشىنىدۇ.

19- ئوقۇغۇچى ئىگىلىگەن بىلىملىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ تۇرىشى كېرەك. تۆۋەن سەۋىيەدىكى بىلىملەرنى ئۆگىتىشتىن باش تارتىپ، «مەن بۇنىڭدىن يۇقىرى سەۋىيەدىكى بىلىملەرنىمۇ ئۆگىتەلەيمەن.» دەپ چوڭچىلىق قىلماسلىقى كېرەك. ئىمام مالىك يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ، كىشىلەرگە تاھارەت ۋە نامازنىڭ ئەھكاملىرىغا ئوخشاش كىچىك ئىلىملەرنى ئۆگەتەتتى.

20- ئۆگىنىشكە شارائىت يار بەرمەيدىغان بىلىملەرنى ئۆگىنىمەن دەپ ۋاقتىنى زايە قىلىۋېتىش ياخشى ئەمەس.

21- ئوقۇغۇچى مەنىسى روشەن دەلىلنى قويۇپ، ئاجىز دەلىلگە ئېسىلىۋالسا بولمايدۇ. بۇنداق قىلغاندا، قەتئىي دەلىلنىڭ ئېتىبارى قالمايدۇ.

22- ئوقۇغۇچى تېمىغا قارىتا دەلىل ئىزدىشى كېرەك. ئەگەر تېما ئەقلىي بولسا ئەقلىي دەلىل، شەرئىي بولسا شەرئىي دەلىل، ماددىي بولسا ماددىي دەلىلگە ئەگەشكەي. مۇناسىپ دەلىلگە ئەگەشمىسە خاتالىشىدۇ.

23- ھەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆگىنىش مېتودى بولىدۇ ۋە ھەرقانداق كىتابنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى ۋە بەدىئىيلىكى بولىدۇ. بىرەيلەن مېتودشۇناسلىق ياكى ئەرەب تىلى توغرىسىدا پۈتۈن مەلۇماتلار جەملەنگەن ئەسەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىشى مۇمكىن، بىراق بۇنداق ئەسەر مەۋجۇت ئەمەس.

24- ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچى راستچىل بولۇشى، ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىشى ۋە ئوقۇش پۇرسىتىگە مۇۋەپپەق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشى لازىم. قولايلاشقان ئوقۇش شارائىتلىرى شۈكۈر قىلىش ۋاجىب بولغان بۈيۈك نېمەتتۇر.

## ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە:

1-ئەسەرلەر ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلخەت ئادرېسىغا «Word» ھۆججىتىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىتقىچە يوللىنىشى كېرەك.

2-ئەسەرلەرنىڭ ئىملا قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى، ئالغا سۈرمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يوروتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.

3-ئەسەر ئەۋەتكۈچى ئۆزىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، كەسپى، ئۇنىۋېرستېتىنى ئەسەرنىڭ تېمىسى ئاستىغا يېزىشى كېرەك. (تەخەللۇس پەقەت شېئىر ۋە تاقىقا - تۇۋقا سەھىپىلىرىدىلا رۇخسەت قىلىنىدۇ.)

4-ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى ۋە ماقالىنىڭ ئاخىرىدا پايدىلانغان ماتېرىياللار تەپسىلىي بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.

5-تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.

6-ماقالىلەرنىڭ ھەجمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىرقانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.

7-ئەسەرلەر قىممىتى، سۈپىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ، تاللانمىغان ئەھۋالدا ئېلخەت ئارقىلىق بىلدۈرۈلىدۇ ۋە مۇناسىپ تەكلىپ - پىكىرلەر بېرىلىدۇ.

8-ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ھەرقانداق ئەسەرنىڭ بۇندىن بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب - ژۇرناللاردا، تور بەتلەردە ۋە ياكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك. (ئەسەرلەر ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتىمۇ باشقا يەرلەردە ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.)

كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن بۇ ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشىنى، ئەسەرلىرىنى ۋە تەكلىپ - پىكىرلىرىنى بىزدىن ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**ھۆرمەت بىلەن:**

**«شەپەق ژۇرنىلى» تەھرىر ھەيئىتى**

سۆھبىتىمىز كېيىنكى ساندا داۋام قىلغۇسى...

